


# قىتئەلەرئارا قاناتلانغان كۈي

# سەنۇبەر تۇرسۇن

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

سەنئەت بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇش خۇسۇسىيىتىدىكى بارلىقى ئەمەس، ئەمما كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھاياتى تومۇرىدۇر.

# قىتئەلەر ئارا قاناتلانغان كۈي - سەنۇبەر تۇرسۇن (1)

## ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك قىزى، ئاتاقلىق ناخشىچى ۋە كومپوزىتور سەنۇبەر تۇرسۇن خانىمنىڭ 3 دانە ئۈن (audio CD) ۋە سىن (DVD) پلاستىنكىلىرى ئامېرىكا، ئىتالىيە ۋە تۈركىيىدە يېقىندا نەشىردىن چىقتى .مەن ئاۋۋال بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھۆرمەتلىك سەنۇبەر تۇرسۇن خانىمنى ئۇتۇقلىرى بىلەن تەبرىكلەيمەن.

سەنئەت بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇش خۇسۇسىيىتىدىكى بارلىقى ئەمەس ئەمما كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھايات تومۇرىدۇر. بىر مىللەتنىڭ يېتۈك مىللەت بولۇپ، باشقا بىر مىللەت تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى، ئۆز مىللىي كىملىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ئانا تىلى، ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان تۇپرىقى، مىللىي تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولغىنىغا ئوخشاش، سەنئەت يەنى ناخشا - مۇزىكا مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە، كىشىلەرنىڭ مىللىي، ئۆزلۈك تۇيغۇسىنى ئويغىتىشتا ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينايدۇ .ئىنساننىڭ بارلىق ئىلمىگە جۇملىدىن سەنئەتكە شۇ قەدەر ماھىر بولغان، ئەلمساقتىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىندىكىدە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى ھەر بىر دەۋر ۋە زامانغا يارىشا ئۆز سەنئىتىنى بېيىتىپ كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. مەدەنىيەتتىكى بۇ ئالاھىدىلىكنى ئوخشاشلا مىللەتنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان بارلىق مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرى بىلەن بىرىكتۈرۈپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ ئۇيغۇر مىللى

مەدەنىيىتىنى باشقا مەدەنىيەتلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان خاس مىللىي كىملىك ئوبرازىنى شەكىللەندۈردى.

قىسقىسى بولۇپمۇ دۇنيا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ بىر گەۋدىلىنىشى ناھايىتى تىز ئەلەمگە ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرنىڭ مۇڭلۇق، لىرىكىلىق ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ خەلقئارادا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇلۇشى ۋە چۈشەندۈرۈلىشى ناھايىتى ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنى باشقىلار تونۇيدۇ، بىلىدۇ، چۈشىنىدۇ .ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئوبرازىغا ئېلىپ كېلىدىغان ئىجابىي چۈشەنچىلەر تەبىئىيكى بىز ھەممىمىزنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئەگەر سىز ئۆز ئانا ۋەتىنىڭىزنىڭ سىرتىدا بىر مەھەل ياشاپ باققان بولسىڭىز بۇ خىل سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىنى ئاسان چۈشىنەلەيسىز .چۈنكى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئوخشىمىغان ماكان ۋە زاماندا ئىپادىلەيدىغان مەنىسى كۆپ خىل ۋە چوڭقۇر .ئەگەر ئۇيغۇر سەنئىتى خەلقئارالىق سەھنىگە ئېلىپ چىقىلسا سەنئەتنىڭ مەنىۋى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى تېخىمۇ يۈكسەك ئورۇنغا كۆتۈرلىدۇ.

ئادەملەرنىڭ قېنىدىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى ئۆزىدە قانداق نەرسە كەم بولسا شۇ نەرسىگە ئېرىشىشنىڭ يوللىرىدا كۈرەش قىلىشتۇر .بىز ياشاۋاتقان بۇ يەر شارى قارىماققا ئۆز ھەجمى جەھەتتىن خېلى چوڭ كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئىنسان ئەقىل بۇلىقى - ئىلىم، بىلىم ۋە تېخنىكىلىق ئۇقۇم جەھەتتىن كىچىك بىر مەھەللىگە ئوخشاپ كېتىدۇ . چۈنكى تېگى - تەكتىدىن بىز ئىنسانلارنىڭ ئېيتىدىغان ناخشىمىز بىر ناخشىدۇر، چالىدىغان مۇزىكىمىز بىر ئاھاڭدۇر! ئادەملەر قەدىمدىن تارتىپ ناخشىنى پەقەت ئىككى مەقسەتتىلا ئېيتىپ كەلگەن - ئۇ بولسىمۇ خۇشاللىق ۋە قايغۇدىن ئىبارەت .

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋادىلىرىدا ياشاپ، دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۆزگىچە خاس مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئەمما كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە دۇنيا ئىقتىساد ئالاقىسىنىڭ قورۇقلۇق يوللىرىدىن دېڭىز

يوللىرىغا كۆچىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىدە ياشاپ كەلگەن بۇ خەلق ماكانىنىڭ دېڭىزغا يىراق بولۇشى سەۋەبلىك دۇنيادىكى باشقا خەلقلەر بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە يېتىم قالدى .بۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي پرىنسىپىدىن چەتنىگەن سوپى - ئىشانچىلىقلىقنىڭ دىيارىمىزغا سىڭىپ كىرىشى ۋە خەلق ئارىسىدا ئومۇملىششى تەركىدۇنياچىلىقتىن ئىبارەت يىگى پىكىر ئېقىمىنى قوزغىدى .نەتىجىدە جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن يېتىم قالغان خەلقىمىز روھىي جەھەتتىن بىخۇدلۇق، نادانلىق ۋە تەپرىقچىلىك ئىللەتلەرگە قۇل بولدى .شۇنىڭ بىلەن دۇنيا پەن - مەدەنىيەت يىگىلىقلىرىدىن ئاستا - ئاستا چەتتە قالدى. باشقىلار دۇنيانى بويسۇندۇرۇش غەرزىدە بولۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇيغۇرلار دۇنيانى تەرك ئېتىش يولىغا قەدەم قويدى .قىسقىسى، ئۇيغۇرلار نۇرغۇن نەرسىللىرنى يوقۇتۇپ 20- ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا ئاران ئۇلاشتى...

يۇقىرىقىدەك بىر تۈرلۈك تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار دۇنياغا ناھايىتى ئاز تونۇلۇپ كەلدى.

بىر چەتئەل كۆرگەن ئۇيغۇر پەيلاسوپىمىزنىڭ ئېيتقىنىدەك (ئا.جالالىدىن) تەرەققىي قىلغان ئەللەردە قۇرت - قوڭغۇز، بىرەر ياۋا ئوت-چۆپلەر ئۈچۈن 10 نەچچە بەتلەپ قامۇسلىرىدا ئىزاھاتلار بېرىلگەن بولسا ئەمما دۇنيادا 12 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىسى بار، يەر - زېمىنى غەربىي ياۋروپا بىلەن تەڭ كېلىدىغان، ئۆز تىل - يېزىقى بار بولغان بىر مىللەتنىڭ تونۇشتۇرۇلمىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ مىللەت ئىسمىنىڭ ئىنگلىز يېزىقىدا يېزىلىشمۇ تېخى بىرلىككە كەلمىگەنلىكىنى، ئۇيغۇر مىللىتى Chinese muslim, Uyghur, Uighur, Uygur دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ، بۇ مىللەتنى تونۇشتۇرۇشقا يېرىم بەتلىك ئىزاھات ئۈچۈنمۇ ئورۇن بېرىلمىگەنلىكى كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ئاچچىق ھەقىقەت .ھەق سۆز ۋە رېئاللىق ھەمىشە ئاچچىق ۋە رەھىمسىز ئەمما بىز بۇقىسمەتلەرنى سوغۇققانلىق بىلەن قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئۆزىمىز ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشىمىز زۆرۈر.

ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا تونۇلالماسلىقى، تونۇلسىمۇ ئاز تونۇلۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭ سەۋەبلىرى تارىخي ئامىللارغا چېتىشلىق ئەلۋەتتە .چەتئەلدە ئۇيغۇر ئوبرازىنىڭ ئاجىز بولۇشىدىكى قىسمەت تۇپەيلى "مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس" دېگەندەك بۇ ھالەت ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ بولۇپمۇ ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ مۇھاجىرەتتە ياشىغانلارنىڭ يۈرگىنى چەتئەل غېرىبچىلىق تۇيغۇللىرىغا مەھكۇم قىلىپ، "تونۇلمىغان مىللەت" كىملىكى كىرزىسىدە يۈرەكلىرنى ئاچچىق تىلغايدۇ .ئەگەر سىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇھاجىرەتلىك ھاياتىنىڭ رېئاللىقلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلۇق تۇيغۇسىدا گاڭگىراپ، ھەسرەتلىك ئاھلىرىڭىز بىلەن سۆيۈملۈك ۋەتىنىڭىزنى ئوڭگىڭىزدا ۋە چۈشىڭىزدە سېغىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىڭىزنىڭ بىرىدە "ئۇيغۇر" دېگەن ئىسمى بىلەن ئاتاقلىق ناخشىچىمىز سەنۇبەر تۇرسۇن خانىمنىڭ 3 دانە ئۈن (audio CD) ۋە سىن (DVD) پلاستىنكىلىرىنىڭ ئىنگلىز تىلىدا ئۇيغۇرلارنى نەچچە ئون بەتلىك چۈشەندۈرۈشلەر بىلەن ئامېرىكا، ئىتالىيە، تۈركىيىدە (تۈرك تىلىدا) دە نەشردىن چىقىشى تەبىئىكى سىزنىڭ ئۇيغۇر سۆيەر قەلبىڭىزگە بىر زور خۇشاللىق، مىللىي ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇلىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ناخشا - مۇزىكا دېمەك بىر مىللەتنىڭ مىللىي روھىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى روشەن گەۋدىلەندۈرىدىغان، ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە مىللىي كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئويغىتىدىغان، ئۆز زامانىدىكى شادلىقى ۋە قايغۇسىنى يارقىن كۈي ۋە مۇڭلۇق ئاۋازلار بىلەن ئىپادە قىلىدىغان بىر سەنئەتتۇر .

سەنئەت ئالاھىدە بىر تالانتتۇر. شۇ سەۋەبتىن جەمئىيىتىمىزدە ھەممە كىشى سەنئەتكار بولالمايدۇ، ئارىمىزدىن10 مىڭ ھەتتا يۈز مىڭلارچە ئىنسانلار ئارىسىدىن ئۆز خەلقىنىڭ قەلب تارىسىنى چېكەلەيدىغان ھەقىقىي سەنئەتكارلار ناھايىتى ساناقلىقلا چىقىدۇ. سەنئەتنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىنى تەشكىل قىلغان مۇزىكانتلار بىلەن ناخشىچىلار تۇغما قابىلىيەت ئىگىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپى ئۇتۇقلىرى تۇغما تالانت بىلەن جاپالىق ئۆگىنىشىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى تۈرتكىسىدە مېۋە بېرىدۇ .دېمەك بىزدە ھەقىقىي سەنئەتكارلار ناھايىتى ئاز. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نوقۇل

ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قوغلىشىپ ئۇن - سىن نەشر قىلىش سەۋەبىدىن خەلقىمىز ئىستىمال قىلىۋاتقان سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بەدىئىي، ئىجتىمائىي ۋە تەربىيىۋى قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتتى، سۈپەتتىن كۆرە سان كاساتچىلىق ئەۋج ئالدى .كۆپلىگەن پاخال، سۈپىتى تۆۋەن، غەيرى - رەسمى ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكىلىرى بارلىققا كەلدى، بۇ شاكاللار تۈپەيلى بەزىدە "مېغىز " لارمۇ شاكاللار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدى. ھەقىقىي تالانتلىق سەنئەتكارلىرىمىزغا يېتەرلىك ئېتىبارلار بېرەلمىدۇق، خەلق قەلبىنى چېكىدىغان سەنئەتنىڭ قىممىتىنى بىلەلمىدۇق ۋە شۇ سەۋەپتىن باشقىلار قانداقتۇر بىر مەقسەتلەردە بىزگە ھەدىيە قىلىنغان "ئۇيغۇرلار سەنئەتكە ماھىر خەلق" دېگەن قالپاق ئىچىدە ئۆزىمىزنى بىر تەرەپلىمە تەنقىدلىدۇق. ئۆزگىنى ھەددىدىن زىيادە، بىر تەرەپ ھالەتتە تەنقىدلەش، چۈشكۈنلەشتۈرۈش، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئورنىغا "پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلاش" ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالمىدۇق ۋە ئۇنى مىللىتىمىزنىڭ ھەقىقىي مەنپەئەتىگە يارىشا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىزدەنمىدۇق. يۇقىرىقى مەسىلىلەر بىز نەزەردىن ساقىت قىلالمايدىغان، بىزنىڭ توغرا بىر يول تېپىپ ۋاقتىدا ھەل قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىدۇر. ھالبۇكى "قالپاققا چۈشلۇق قىرغىز يوق" دىگەندەك بىزگە بىرىلگەن بۇ ساخاۋەتلىك شان - شەرەپ "ئۇيغۇرلار ناخشا - ئۇسۇلغا ماھىر مىللەت" دېگەن نامنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇر خەلقى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، مىللىي روھىنى تازلايدىغان، كۈچ - قۇۋەت، جاسارەت ئۇرغۇتىدىغان، مېهنەتكەش دېھقانلىرىمىزنىڭ يۈرەك تارىسىنى چېكەلەيدىغان ناخشا - مۇزىكىلار ۋە سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ باردى.

ئەگەر ئۇيغۇر سەنەتكارلار خەلقىنىڭ مەنىۋىي ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئۆز كەسپىدە تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇلمىسە ئۇلارنىڭ خەلقىمىز قەلبىدىكى ئورنى قۇرۇق نام - شۆھرەت تاماسىدىكى شۇئارچىلاردىن پەرقلەنمەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. مىللىي خاسلىق بىلەن ئىستتىك گۈزەللىك زوقى بېرەلمەيدىغان بىر مەيدان كونسېرت كىشلەرگە بىر توپ شوئارچىلارنىڭ سەھنىسى بولۇپ تۇيۇلىدۇ دە مۇنداق ئەسەرلەر يىللاردىن كىيىن ناھايىتى تىزلا كىشلەرنىڭ كاللىسىدىن غايىپ بولىدۇ .خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىنى

ئەكس ئەتتۇرگەن، خەلق ئىچىدىكى كلاسسىك ئاھاڭلارنى ئۆز ناخشا مۇزىكىلىرىنىڭ رىتىمدە مىللىي خاسلىق بويىچە ئەكس ئەتتۇرەلىگەن، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە يېڭىلىق يارىتىش روھىيىتى بويىچە مىللىي خاسلىققا ئىگە ئاھاڭ ۋە ناخشىلارنى خەلقىگە تەقدىم قىلالىغان ناخشىچى ۋە كومپىزوتۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى خەلقىمىز ھەر ۋاقىت ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ ۋە مۇنداق ئېسىل ئەسەرلەر كىيىنكى ئەۋلادلارنىڭ خاتىرىسىگە مەڭگۈلۈك يېزىلىدۇ، بۇ خاتىرە مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ .خەلقىمىزنىڭ كۆپ سانلىقى يەنىلا دېھقان، بوستانلىقلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تەبىئىي بېيىتىش بۆشىكىدۇر چۈنكى ئۇلار ھەر - ھالدا غەيرى مەدەنىيەت غىدىقلاشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئاز ئۇچرايدۇ .ئۇلار ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئىستىمالىنىڭ مۇتلەق كۆپ سالمىقىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۆز ھېسياتىنى چۈشىنىدىغان، قايغۇ - ئەلەم ۋە خوشاللىقىنى ئۆز ناخشىلىرىغا قوشۇپ ئېيتالايدىغان چولپانلىرىنى خەلقىمىز بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىي روھىيىتىنى بېيىتىدىغان مۇنداق ئېسىل ناخشىلار ئۇيغۇر روھىيىتىنى تازىلايدىغان سېھرى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان بولىدۇ ۋە ناھايىتى تېزلا ئۇيغۇر ئىلىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىغىچە تارقىلىدۇ. يېزا باللىرى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، يادلايدىغان ۋە دوراپ ئېيتىدىغان، ئانا تىلىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل ۋە يېقىملىقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، نۇلارنىڭ ناتىۋان قەلبلىرىدە ئۇيغۇرنىڭ مەڭگۈلۈك كۈيى بولۇپ ئورنايدىغان قەلب كۈچى بولۇپ قالىدۇ ....ئۇيغۇر ناخشا مۇزىكىسى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە زامان ۋە ماكانغا ۋەكىللىك قىلىپ خەلقىمىزنىڭ يادىغا ھەمىشە ئالاھىدە بىر ۋەقە ۋە ئۆتمۈشلەرنى ياد ئەتتۈرۈپ، ئۆز تارىخىنىڭ يىلتىزىنى ئۇنۇتۇلدۇرمايدۇ .

*مىنگىلى ئۇلاغ ئىزدەپ،*
*ئىچكىلى بۇلاق ئىزدەپ.*
*قاچانغىچە يۈرۈيمىز،*
*باغدىن تۆت قۇلاق ئىزدەپ.*

*قىزىل گۈل قۇلاقىغا،*
*خۇشتارمەن پۇراقىغا.*
*ھەر كىمنىڭ گۈلى بولسۇن،*
*قىسماققا قۇلاقىغا....*

(ناخشا تېكىستى: ھەر كىمنىڭ گۈلى بولسۇن)

*بار مېنىڭدە ئاچچىق بىر يىغا،*
*كۆرمىسكەن دەيمەن باشقىلار.*
*قايغۇ ماڭا يىغلاۋاتقاندا،*
*كۈلۈمسىرەپ بەرسكەن دۇنيا....*

(ناخشا تېكىستى: ئانام بولۇپ بەرسەڭچۇ دۇنيا)

مانا يۇقىرىقى ناخشىلارغا ئوخشاش يېنىك رىتىم، تېكىستلەردىكى مەنىلىك جۈملىلەر، تىلىنىڭ ئاددىي بولىشى، مىللىي خاسلىققا باي يېقىملىق ئاھاڭلار ھەممە تەڭ ۋە ئاسان ھوزۇرلىنالايدىغان ئاممىۋي بابلىقى كۈچلۈك ناخشىلار بۇلبۇل كەبى لەرزان ئاۋاز ۋە مۇڭلۇق كۈيلەرنىڭ بىرلىشىشى بىلەن ئىجرا قىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل رىشتىسىنى ئۆزگە باغلايدۇ .بۇ مۇڭلۇق كۈي ۋە ناخشىلارنى ئورۇنداشتا ئۇيغۇر سەنئەت ساھەسىدە ئۆزگە خاس ئۇسلۇبى بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاپ كەلگەن، خەلقىنىڭ مۇڭلىرىنى ئۆز ناخشىلىرىدا يۈكسەك مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئۇيغۇرنىڭ سۆيۈملۈك سەنئەتكار قىزى، ئاتاقلىق ناخشىچى، مۇزىكانت ۋە كومپوزىتور سەنۇبەر تۇرسۇن خانىم شەرەپ بىلەن ئورۇن ئالدۇ!

مەن بۇ يازمىدا ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ جۈملىدىن خەلق ياقتۇرىدىغان نادىر ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكىسىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ مىللىي خۇسۇسىيەت بويىچە جەمئىيەتنى ۋە ياش ئەۋلادلارنى" ئۇيغۇرلۇق "مەدەنىيەت ئۇقۇمى

بىلەن تەربىيىلەشتە، ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرۇشتا، ياشلارنى ئۆز مەدەنىيىتىنى سۆيۈپ چوڭ بولۇشقا دەۋەت قىلىشتا كۆپ ئىجابىي روللار ئوينايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

بولۇپمۇ نادىر ئۇيغۇر ناخشا مۇزىكىلىرىنىڭ چەتئەللەردە نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنى مەدەنىيەت ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە تونۇتۇشنىڭ ياخشى ۋاستىللىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا مەن يېقىندا چەتئەللىك بىر دوستۇمنىڭ ماڭا ھەدىيە قىلغان سەنۇبەر تۇرسۇن خانىمنىڭ چەتئەلدە نەشر قىلغان پلاستىنكىلىرىنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن خۇشاللىقتا چۆمگەن تۇيغۇلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىپ تۇرۇپتىمەن.

تۆۋەندە مەن ئەل سۆيگەن سەنەتكارىمىز سەنۇبەر تۇرسۇن خانىمنىڭ بۇ بىر يىلنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا، ئىتالىيە ۋە تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان 3 دانە ئۈن (audio CD)ۋە سىن (DVD) پلاستىنكىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.




**چېگرا رايون: يىپەك يولىدىن كەلگەن مۇزىكا ئۇستازلىرى ۋە ۋۇ مان**

Music of Central Asia Vol. 10: Borderlands: Wu Man and Master Musicians from the Silk Route Smithsonian Folkways and the Aga Khan Music Initiative (SFW40529)

بۇ بىر يۈرۈش ئۈن (audio CD) ۋە سىن (DVD) پلاستىنكىسى بولۇپ، ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ كېلىۋاتقان ئاگاخان فوندىنىڭ مەبلەغ ئاجرىتىشى" ئاگاخان ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا ئىش تۈرى" دە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات پىلانى بولۇپ، ئامېرىكىلىق پروفېسسور Theodore Levin ۋە ئەنگلىيىلىك ئۇيغۇر مۇزىكىشۇناس دوكتۇر Rachel Harris خانىملارنىڭ يېتەكچىلىگىدە ئامېرىكىدىكى Smithsonian Folkway Recordings ئۈن - سىن نەشرىياتى تەپىدىن 2012 - يىلى 4 - ئايدا نەشر قىلىنغان .

بۇ ئۈن ۋە سىن پلاستىنكىسى ئامېرىكىلىق داڭلىق پىپا مۇزىكانت ۋۇ مان بىلەن ئۇيغۇر، تاجىك، تۇڭگان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا ئۇستازلىرى بىرلىكتە ئىجرا قىلغان مۇزىكىلاردىن ئورۇن ئالغان بولۇپ ئاساسلىق ھالدا ئۇيغۇر مۇزىكىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۈن ۋە سىن پلاستىنكىلىرىغا سەنۇبەر تۇرسۇن ۋە ھەسەنجان تۇرسۇنلارنىڭ ئىجراسىدىكى 5 پارچە ناخشا، ئابدۇللا مەجنۇن ئىجراسىدا 3 پارچە ناخشا - مۇزىكا بىرىلگەن .مەزكۇر ئۈن ۋە سىن پلاستىنكىسىنىڭ ۋاقتى 73 مىنۇت ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، مۇزىكا ۋە ناخشا ئورۇنلىغۇچىلارنى، شۇنداقلا بۇ ناخشىچىلار تەۋە بولغان مىللەت تونۇشتۇرۇلغان 48 بەتلىك رەڭلىك كىتابچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پلاستىنكا 2012 - يىلى 7 - ئايدا دۇنيا مۇزىكىسى بازىرىدا ئەڭ كۆپ سېتىلغان، دۇنيا مۇزىكىسى پلاستىنكىلىرىنى باھالاشتا 3 - ئورۇنغا ئېرىشكەن .خەلقارا بازاردا تور ئارقىلىق سېتىلىش باھاسى 19.90 $ ئامېرىكا دوللىرى.

بۇ ئۈن ۋە سىن پلاستىنكىسىدىكى ناخشىلار تىزىملىكى:

**TRACK LISTING**

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 101 | Improvisation for Three and a Half Instruments | Abduvali Abdurashidov, Sirojiddin Juraev, Wu Man | 6:48 | BUY |
| 102 | Chebiyat | Abdulla Manjnun, Wu Man | 3:57 | BUY |
| 103 | Kurt Naxshisi (Song of the Kurds) | Sanubar Tursun, Hesenjan Tursun, Wu Man | 5:31 | BUY |
| 104 | Ademler Ulugh (People are Glorious) | Sanubar Tursun | 4:05 | BUY |
| 105 | Shadiana (Celebration) | Abdulla Majnun, Wu Man | 3:41 | BUY |
| 106 | Bidering (The Only Pain) | Sanubar Tursun, Hesenjan Tursun | 2:24 | BUY |
| 107 | Ushshaq | Abdulla Majnun | 6:56 | BUY |
| 108 | Kazakh Song | Wu Man | 3:59 | BUY |
| 109 | Hezhou Erling | Ma Ersa, Wu Man | 2:40 | BUY |
| 110 | Woy Bala (Hey Kid) | Hesenjan Tursun | 5:26 | BUY |
| 111 | Yaru (Darling) | Sanubar Tursun | 4:16 | BUY |
| 112 | Hanleylun | Sanubar Tursun, Hesenjan Tursun, Wu Man | 4:22 | BUY |
| 113 | Navo | Abduvali Abdurashidov, Wu Man | 4:27 | BUY |
| 114 | Charigah | Abdulla Manjnun, Yasin Yakup | 13:50 | BUY |

توردىن سېتىۋېلىش ئادرېسى:

http://www.folkways.si.edu/wu_man_and_master_musicians_from_the_silk_route/music_of_central_asia_vol10_borderlands/world/album/smithsonian




## ئارزۇ - سەنۇبەر تۇرسۇن

### ئۇيغۇر ناخشلىرى

### (Song of the Uyghurs)

بۇ ئۈن (audio CD) پلاستىنكىسى سەنۇبەر تۇرسۇن خانىمنىڭ خۇسۇس ئالبومى بولۇپ، سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ مەرھۇم ئاكىسى - ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مۇزىكانتى نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن هايات ۋاقتىدا بىرگە ئورۇنلىغان بىر قىسىم ناخشا - مۇزىكىلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. پلاستىنكا ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى تۇرىن شەھىرىگە جايلاشقان Felmay ئۈن - سىن نەشرىياتى ( Felmay recordings) تەرىپىدىن ئەنگلىيىلىك مۇزىكشۇناس دوكتۇر Rachel Harris خانىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە 2013 - يىلى 3 - ئايدا ئىتالىيىدە نەشىردىن چىققان. بۇ ئۈن پلاستىنكىسى ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان ئۇيغۇرلار ۋە سەنۇبەر تۇرسۇن تونۇشتۇرۇلغان 6 بەتلىك رەڭلىك بىر كىتابچىنى ۋە تۆۋەندىكى ناخشىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .باھاسى: 13.50 € ياۋرو.

Over ten million Uyghurs live in the large desert and mountain region of northwest China now called the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, also sometimes known as Chinese or East Turkestan. Great distances separate Xinjiang's oasis towns, which, until the mid-twentieth century, were accessible only by arduous overland journeys through deserts and over mountains. These harsh but beautiful landscapes are described repeatedly in Uyghur song lyrics.

The Uyghurs have for centuries farmed the fertile soil of the oases on the edges of the Taklamakan desert, and traded in the goods that passed along the Silk Road through the towns of Kashgar and Turpan from China to the Near East and to Europe. They trace their ancestry back to the Uyghur Turks whose steppe kingdom flourished on China's northern borders during the eighth and ninth centuries. Culturally they are Central Asian, speakers of a Turkic language, and they are Muslims.

## UYGHUR MUSIC

Stylistically Uyghur music lies somewhere between the Central Asian heartland and the sound worlds of Mongolia and China. Central Asian listeners are apt to dismiss Uyghur music - especially vocal music - as "sounding Chinese," while for the Chinese, Uyghur music is something exotic and strange. In fact, Uyghur music is closely related to neighboring Central Asian urban traditions in many ways, from the use of small ensembles of long-necked lutes and frame drums to the Sufi poetic style of the lyrics. It is more broadly allied with the wider Islamic musical world, with an array of musical practices linked to Islamic practices.

Uyghur music-making revolves around the *meshrep* (gathering or party) which draws people together for food, music and dancing. Weddings, circumcision parties and the festivals of Rozi and Qurban are also important occasions for music-making, often by kettle drum and shawm bands (*naghra-sunay*) which provide raucous, celebratory outdoors music. Historically, the local rulers of the various oasis kingdoms patronized musicians who performed the prestigious Muqam suites. The term is derived from the Arabic *maqam*, but the style is local, and each of the major oases boasts its own Muqam tradition.

The singing style is highly ornamented, and the songs often employ the *aqsaq* 'limping' rhythms which are also found in the rhythms of the Sufi *zikr* chants. In terms of musical style there is considerable variation across this huge region. Each of Xinjiang's oasis towns has its own distinctive musical style and repertoire, ranging from the sunny pentatonic modes of eastern Qumul (in Chinese: Hami) to the darker sound of music from Kashgar, in the southwest. The distinctive swoops and leaps of the melody in the songs of the northern Ili valley lead some to dub them 'wolf songs'. This is a far from an insult: the wolf is the totemic ancestor of the Uyghurs.

These local distinctions have blurred over the past few decades with the introduction of a Uyghur recording industry. Today the style of the northern Ili valley is the most popular across the region, and it is the family of musicians featured in this CD, the Tursuns, who have done most to promote it in recent years.

## THE ARTISTS

**Sanubar Tursun**, her older brother Nur Muhemmet, and younger twin brothers Hesenjan and Husanjan, were born into a large family (nine children in all) in the northern town of Ghulja (in Chinese: Yining) in the Ili valley. Their father was a respected local musician, and they were raised in the strong *meshrep* culture of Ghulja, performing regularly at these popular gatherings as children. They all went on to study at the region's Music Institutes, and joined professional arts troupes.

Sanubar and Nur Muhemmet released a series of VCDs (cheap digital video technology) in the 1990s featuring the Ili repertoire performed in new ways. The artistry of Sanubar's vocals and the extraordinary virtuosity of Nur Muhemmet's instrumental playing propelled them to instant recognition.

Over the past fifteen years, Sanubar has been performing more and more of her own compositions, rooted in the traditional style of her home region, and performed solo accompanying herself on the *dutar* or supported by her brothers on other traditional instruments. These solo albums are also very popular and widely imitated, and they have established her reputation as the pre-eminent Uyghur female singer-songwriter and a national icon.


SANUBAR
TURSUN vocals
NUR MUHEMMET
TURSUN tambur, satar, and dutar
1. Yar Ishigide Tursa (If my love stood at the door) 3.04
2. Kurd Nakhshisi (Song of the Kurds) 4.15
3. Nisagul 3.11
4. Ishchan Yigityurushi (Hard-working lad suite) 14.00
5. Wedem Bilen (With my promise) 3.12
6. Ajam 8.27
7. Ademler Ulugh (People are glorious) 4.43
8. Derdi Tolidur Yarning (Such pain my love) 3.14
9. Kepterim (My pigeon) 4.57
10. Kelmidi Yar (My love did not come) 4.38
11. Waderiha (Regret) 21.55
file under
sanubar tursun
central asia
world music
FELMAY
Felmay • strada roncaglia 16 • 15033 san germano AL • italy
+39 014250577 fax +39 014250780 info@felmay.it www.felmay.it
©Felmay 2013




توردىن سېتىۋېلىش ئادرېسى:

http://www.felmay.it/shop/item.php?id=10208#.UXf8AZWTM5B

## سەنۇبەر تۇرسۇن ئانسامبلى - ئۇيغۇر مۇقام مۇزىكىسى

Tϋrkiye Konya uluslararasι mistik mϋzik 2012




بۇ سىن (DVD) پلاستىنكىسى سەنۇبەر تۇرسۇننى ئاساس قىلىپ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن "سەنۇبەر تۇرسۇن ئانسامبلى" مىجىت يۇنۇس، ھەسەنجان تۇرسۇن، ھۈسەنجان تۇرسۇن ۋە سەنۇبەر تۇرسۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇزىكانتلار تۈركىيىنىڭ تەكلىپى بىلەن تۈركىيىنىڭ كونيا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 9 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئىلاھىي مۇزىكا (mistik mϋzik) فېستىۋالىغا قاتناشقان ۋە بۇ فېستىۋالدا سەھنىدە ئورۇنلانغان نەق مەيدان كونسېرت ئاساسىدا كىرىشتۈرۈلۈپ ئىشلەنگەن بولۇپ، سەنۇبەر

تۇرسۇن ئانسامبىلىنىڭ بۇ كونسېرتقا قاتنىششىمۇ ئەنگلىيىلىك مۇزىكشۇناس دوكتۇر رەيچېل هاررىس Rachel Harris خانىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.






## ئاخىرقى سۆز

مەنىۋىيەتتىكى ئېستېتىك گۈزەللىك باشقا گۈزەللىكلەرگە ئوخشاشلا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تاجىسىدۇر .ناخشا ئۇ يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان چىن سۆزدۇر .كۈي ئۇ ئىنسان قەلبىنىڭ لىرىك ئاھاڭلار ئارقىلىق نامايان قىلغان بايانىدۇر .شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى ئۇيغۇرلار مۇردا ئەمەس، ئۇيغۇرنىڭ ئاڭلايدىغان زىرەك قولىقى، سېزەلەيدىغان سەزگۈر يۈركى بار، ئۇيغۇرنىڭ باشقا دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر تائىپەلەرگە ئوخشاشلا كۆلكىسى، قايغۇسى ھەم نەپرىتى بار بىر خەلق .ئۇيغۇر كۈلەلەيدۇ، يىغلىيالايدۇ ۋە غەزەپلىنەلەيدۇ .ئۇيغۇر بۇ ھېسسىياتلىرىنى" گاھىدا داپ بىلەن ئۇسۇل، گاھىدا ئاللاھ بىلەن رەسول" دېگەن ماقال - تەمسىللەردە ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار 10 - ئەسىردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدىن باشلاپ، ئىسلام ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئورۇپ - ئادەتلىرى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار قايغۇ ۋە شادلىق ھېسسىياتلىرىنى بەزىدە ئىبادەت بىلەن ئاللاھقا سېغىنىش ئارقىلىق ئىپادىلىسە، بەزىدە مىڭلارچە يىللاردىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز بىزگە مىراس قىلىپ قالدۇرغان مۇڭلۇق كۈيلەر، دەۋىر ۋە زاماننىڭ ئىنكاسىنىڭ مۇئەييەن رەۋىشتە ئىجتىمائىي ھاياتتا ئەكس ئېتىشى بىلەن تەدرىجىي بېيىپ كېلىۋاتقان ناخشا-مۇزىكىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ .بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىگە مەنىۋىي روھ، زوق ۋە جاسارەت تاپىدۇ .بەزىدە ئۇيغۇرغا قاتتىقلىق بىلەن تولغان ھاياتقا، ئۇمۇتسىزلىككە سەنئەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈمىدلىك بىلەن باقىدۇ .ئەمما قانداق شەكىلدە ئىپادىلىنىشىدىن كۆرە مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادىلەش باشقا ئىپادىلەشلەردىن تامامەن قېلىشمايدۇ. بىز شۇنى سالماقلىق بىلەن ئويلىشىشىمىز كېرەككى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىر بولغان سەنئەتنىڭ ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت مىللىي روھىيىتىدىكى بۇ نازۇك ۋە سەزگۈر تەرىپىگە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز كېرەك .

ھە دىسلا "بىز ئۇيغۇرلار ناخشا - ئۇسۇلغا ماھىر خەلق "دەپ باشقىلار تەرىپىدىن قانداقتۇر بىر مۇددىئانىڭ تۈرتكىسىدە كەيدۇرۇلگەن بۇ قالپاقلانى دەستەك قىلىپ، ئۇيغۇر سەنئەت ساھەسىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا، ئىجادكارلىق كۈچىنىڭ ئۇرغۇشىغا سوغۇق سۇ سەپمەسلىكىمىز، بۇگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ مۇھىم تەركىۋلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەممە تەرەپلەرنى قوغدىشىمىز زۆرۈرىيەتتۇر . ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مىللىي خاسلىقىدىكى ھەر قانداق بىر تەركىپ ئاجىزلاشسا، ياكى ئەسلىگە كەلتۈرگىسىز دەرىجىدە بۇزۇلسا ۋە ياكى بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئامىللار كۆچەيسە، مىللىي مەدەنىيەت تەكپۈكلۈقىنى بۇزۇلۇش كىرزىسىگە ئېلىپ بارىدۇ ۋە بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۇچۇن ئۆز ئىچىدە باشقا كۆپلىگەن ئېغىر مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈش خەۋپىنى تۇغدۇرىدۇ.

ئىسلامىيەت نوقتىدىن ئېيتقاندا ياراتقۇچى ئاللاھ بۇ دۇنياغا ھەممە ئىنسانلارنى بىر - بىرلىرىدىن ئايرىم قىلىپ رەڭگى، تىلى، ياشايدىغان زېمىنىنى ۋە مەدەنىيىتىنى پەرىلىق قىلىپ ياراتتى .ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى يارىتىش پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغىنىمىزدا پەرقلىق قوۋم - مىللەتنىڭ ئىسلام دىنىي قائىدىلىرىنى ئىجرا قىلىش بىلەن بىرگە

ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىققا ئىگە مەدەنىيەت - سەنئەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاللاھنىڭ بەندىلەرنى يارىتىش ئەقىدىلىرىگە مۇخالىپ بىر ئىش ئەمەستۇر. "ۋەتەننى سۆيۈش ئىسلامنىڭ جۈملىسىدىندۇر"، دېمەك ۋەتەننى سۆيۈش ئىسلامنىڭ جۈملىسىدىن بولسا، شۇ ۋەتەنگە ئىگىدارلىق قىلىش بىر خاس قوۋم - مىللەت تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتنى مىللەت قىلىپ شەكىللەندۇرىدىغان ئامىل ئۆز تىل - يېزىقى، مەدەنىيىتى ۋە ياشايدىغان تەۋەلىك تۇپرىغىدۇر. ئۇيغۇر سەنئىتى - مەدەنىيەت كاتېگورىيىسى ئىچىدە تەبىئىيكى مىللىتىمىزنىڭ مىللەت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبتۇر. قىسقىسى بۇ يەردە ئىسلامىي ئەقىدە، ۋە مىللىي خاسلىقتىكى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ھېچ بىر بىر - بىرسىنى رەت قىلىدىغان ئاساس يوق. ئىسلام دۇنياسىدا ناخشا - مۇزىكا سەنئىتى بىلەن مىللەت، ھاكىمىيەت ۋە دىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا توغرا بىرتەرەپ قىلىنىپ بولغان بولۇپ بۇنىڭ مىساللىرى سۈپىتىدە ئىسلام دۇنياسىدا باش كۆتۈرگەن مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىش بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ چوڭ مۇسۇلمان ئەرەب دۆلىتى - مىسىر پادىشاھى فەئۇدنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە 1932 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلگەن "قاھىرە ئەرەب مۇزىكا قۇرۇلتىيى" ۋە بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشى ئارقىلىق ئەرەب دۇنياسىدا ئىسلامدا ناخشا - مۇزىكا ۋە سەنئەتنى چەكلەيدىغان خاھىشلارغا تۈنجى قېتىم خاتىمە بېرىلگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئىسلام بايرىقى بىلەن ئۆز تېررىتورىيىسىنى 3 قىتئەگە كېڭەيتىپ 500 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۇنيا تۈركى دۆلەتلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىردىن - بىر چوڭ دۆلەت ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ قۇرۇلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇغۇچىسى مۇستاپا كامال ئاتا تۈركنىڭ 1920 - يىللىرىدىن باشلاپ تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ ئۆز ئەسلىگە - تۈرك مىللەت كىملىكىگە قايتىش ۋە تۈركىيە تۈرك دۆلىتىنى قايتا قۇرۇش ھەرىكىتىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە قانائەتلىنەرلىك جاۋابلار تاپالايمىز دەپ ئويلايمەن.

ئارىمىزدىكى بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھە دىسلا چېكىدىن ئاشقان ئىسلامچىلىق خاھىشى بىلەن ئۇيغۇر سەنئىتى، ناخشا - مۇزىكىسىنى قانداقتۇر ئاتالمىش ئىسلامچىلىق

رامكىسى ئىچىدە"پەتىۋالار" بىلەن بوغۇشقا ئۇرۇنماسلىقى كېرەك. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەت سۈپىتىدە ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي بىر مىللەت گەۋدىسىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنىڭ مىللىي مەنپەئەتكە يارىشا ساغلام راۋاجلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، دەستەك بولۇش ۋە قوغداش بىز تەۋە بولغان بارلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ بۇرچىدۇر.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ كەڭ مىللەت ئەزالىرىنى مىللىي ئاڭ بويىچە تەربىيىلەشتىكى ئەھمىيىتى ناھايىتى مۇھىم. ئۇيغۇر كۈيلىرىگە، ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكىسىنىڭ ئۇيغۇر ھاياتىدىكى ئىستىمال ئورنىغا قارىساق، ئۇيغۇر ھاياتىنى ئۇيغۇرنىڭ مۇزىكا سەنئىتىسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز چۈنكى ئۇيغۇر مۇزىكا - سەنئىتى ئۇيغۇر بولۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر سۈپىتىگە ئايلىنىپ بولغانلىقىدۇر.

ئاخىردا بۇ يازمام ئارقىلىق خەلقىمىز سۆيگەن ناخشىچىمىز، مۇزىكانتىمىز سەنۇبەر تۇرسۇن خانىمنىڭ شاڭخەي مۇزىكا كونسورۋاتورىيىسىدىكى ئوقۇشىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىنى، كەلگۈسىدە تالانتى ۋە ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق دۇنيا سەھنىسىدە ئۇيغۇرنىڭ پارلىغان چولپىنى بولۇپ تونۇلىشىنى، خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ شان - شەرەپلەر قۇچۇشىنى، خەلقىگە يۈرەكنى مەھلىيا قىلىدىغان نادىر ناخشا - مۇزىكىلارنى كۆپلەپ تەقدىم قىلىشىنى تىلەيمەن.

2013 - يىلى مارت، لوندون

# قىشلار ئارا قاناتلانغان كۈي

## سەنۇبەر تۇرسۇن (2)

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن



ئۇيغۇرنىڭ ئىپتىخارلىق سەنئەتكارى سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ 2014- يىلى 11 -مايدىن 19- مايغىچە غەربىي ياۋروپانىڭ لوندون، پارىس ۋە ۋېنىس قاتارلىق شەھەرلىرىدە ئېلىپ بارغان سەنئەت سەپىرى ھەققىدە

"مۇزىكا بارلىق ئەقىل ۋە پەلسەپە ئىلىملىرىدىنمۇ يۇقىرى تۇرىدۇ"

ـ لۇدۋىگ ۋەن بېتخوۋېن ( گېرمان كومپوزىتور ۋە مۇزىكانت)

تىلىگەن بەندىسىنى ئاللاھ قۇرۇق قول قويمايدۇ. مەن 2009 - يىلى ۋەتەنگە بارغاندا سەنۇبەر تۇرسۇن 2008 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان "قاناتلانغان كۆي - سەنۇبەر تۇرسۇن" ناملىق ناخشا-مۇزىكا نوتا كىتابىنى ئۆز قولى بىلەن ئىمزا يېزىپ ماڭا تەقدىم قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ قاناتلىنىۋاتقان كۆيچىسى مېنىڭ ھەر ۋاقىت دىققىتىمنى تارتىپ كەلدى. 2013 - يىلى يانۋاردا سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ ناخشىلىرى ئاساسىدا ئىتالىيەدە "ئارزۇ" ناملىق بىر CD پلاستىنكىسى نەشر قىلىنىپ ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرى تۈركىيەنىڭ كونىيا شەھىرىگە سەنئەت سەپىرىگە ئاتلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن خەلقىمىز سۆيگەن سەنئەتكار، قاناتلانغان كۆيچىنىڭ تۈنجى قېتىم چەتئەللەردە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا "قىتئەلەر ئارا قاناتلانغان كۆي- سەنۇبەر تۇرسۇن" ناملىق ماقالىنى يېزىپ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلغان ئىدىم. "خۇدابەردى تىلىسە خۇدا ياق دېمەس" دېگەندەك قاناتلانغان كۆيچى قىتئەلەر ئارا كېزىشكە باشلىدى.... سەنۇبەر تۇرسۇن ياۋروپانىڭ كلاسسىك شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر كۆيلىرىدىن قانات ياساپ پەرۋاز قىلدى!

دەقىقە مىنۇتلارنى، كۈنلەر ھەپتىلەرنى قوغلىشىپ دېگەندەك بۇ ئالدىراش كۈنلەر ئۆز يولى بويىچە ئۆتتۈۋەردى. مەن بىر ئايلار ئىلگىرى "سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ ياۋروپا سەنئەت سەپىرى" ناملىق يازمىنى يېزىپ، ئوقۇرمەنلەرنى بۇ ئەھمىيەتلىك سەپەردىن ئاز-تولا خەۋەردار قىلغان ئىدىم. كېيىنچە بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدىغانلىقىم توغرىسىدا ۋەدىمۇ قىلغان. مانا بۈگۈن ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. ئالدىراڭغۇ ۋاقىتتا ھېچ گۇناھ يوق، بۇ ۋاقىت ئوغرىسىنى ئەيىبلىسەكمۇ ئاتقان تاڭلار، ئاققان سۇلار قايتىپ كەلمەيدۇ- دە!

شۇنداق قىلىپ مەن لوندوننىڭ ھاياتىنى ئالدىغا سىلىۋالدىغان بۇ ئاي، بۇ كۈنلىرىدە جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە تىرمىشۋاتقان پەيتلىرىمدىن بىر ھەپتە ۋاقتىمنى چىقىرىپ ئەزىزانە ۋەتەندىن كەلگەن سەنۇبەر تۇرسۇن قاتارلىق

سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مۇۋەققەت بولدۇم. بۇ تىپپىلغۇسىز پۇرسەتلەردە خەلقىمىز سۆيگەن سەنئەتكارلىرىمىز بىلەن بىرگە بولۇپ، ھال-مۇڭداشتىم، لوندون ۋە پارژنىڭ تار كوچىلىرىنى، ھەشەمەتلىك خان سارايلىرىنى بىللە كەزدىم .... يات ئەللەرنىڭ سەھنىلىرىدە ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۈزەللىكىگە، ئىنسان قەلبىنى مەھلىيا قىلالايدىغان سېھىرلىك كۈچىگە مەدھىيە ئوقۇلۇپ ئۇرۇلغان ئالقىش چاۋاكلىرىغا گۇۋاھچى بولدۇم. مەنمۇ قوشۇلۇپ قولۇم تالغۇچە چاۋاكلىرىمنى ئۇزۇلدۇرمىدىم...... ئىشقىلىپ ئۆز چامىمنىڭ يېتىشىچە سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى ياۋروپا سەپىرىدە ياردەمدە بولالىغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى ئىلھاملاندۇردۇم .

نەچچە سائەتلەپ كەچتە تېلېۋىزور كۆرۈپ، راھەتلىنىپ، سۇنايلىنىپ يېتىشتىن ۋاز كېچىپ، ۋاقتىمنى سەرپ ئېتىپ يېزىۋاتقان بۇ يازمامۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ رەڭگارەڭ ھايات كەچمىشلىرى قاتارىدا بىر پارچە ئوقۇشلۇق بولۇپ قالغۇسى. توغرا، ئىنسان تارىخى بۇرۇندىن تارتىپلا قەلەم تۇتقانلار تەرىپىدىن يېزىلىپ كېلىنگەن بىر ھەقىقەتتۇر. ئەگەر بىر خەلق قەلەم تۇتۇپ ئۆز تارىخىنىڭ ھەر بىر بېتىنى يېزىپ قالدۇرالمايدىكەن، شۇ خەلقنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنكى زامانلاردا باشقىلار يېزىپ بەرگەن چىنلىق ۋە ساختىلىق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئازغۇن تارىخنى ئۆگىنىدۇ، ئاددىيسى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تارىخي چىنلىقىنى، ئەينى بىر دەۋرنىڭ رېئاللىقىنى تېپىش ئۈچۈنمۇ نەچچە يۈز يىللاپ ئىزدىنىشىگە توغرا كېلىدۇ.... يەنە كېلىپ يېزىلىدىغان تارىخنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشى، باتۇرلۇق ياكى ئىشق-مۇھەببەت توغرىسىدا بولۇشى ياكى قانلىق ئۇرۇشلار، بالايى ئاپەتلەر توغرىسىدا بولۇشى ۋەياكى مەزمۇنىنىڭ مول بولۇش - بولماسلىقى تارىخنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، چۈنكى تارىخنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن يېزىلغان قىسمى ناھايىتى ئاز بۇلىدۇ، ئېچىلمىغان، بىلىنمىگەن تەرەپلىرى كۆپ بۇلىدۇ. يەنە كېلىپ تارىخنى قەلەم بىلەن يېزىپ ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەسلىي قىياپىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. تارىخ - سوبېكتىپ خاھىش ۋە تەسىردىن خالى چىنلىق ئاساسىدا يېزىلسا، ئۇنىڭ رولى بىر خەلقنىڭ مۇئەييەن بىر شارائىتتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ھايات كۆرۈنۈشىنى كۆز ئالدىڭىزدا ئەينەكتەك كۆرسىتىپ

بېرەلىگەن بولىدۇ...تۆنۈگۈننىڭ ئىلمىي ئاتىلىشى تارىخ، ئۇ بىز ئارقىمىزدا قالدۇرغان بارلىق ۋاقىتلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇنىڭ ئىسمىنى بىز شەخس نوقتىسىدىن سىلىقلاشتۇرۇپ "ئۆتكەن كۈنلەر" دەپمۇ ئاتايمىز .

ئۇنداقتا ئۆز گېپىمىزدىن سۆز باشلايلى. سەنۇبەر تۇرسۇن خانىم يېتەكچىلىكىدىكى "سەنۇبەر تۇرسۇن 2014- يىللىق ياۋروپا سەنئەت سەپىرى" پائالىيىتى 2014- يىلى 11- ماي لوندوندىن باشلىنىپ، پارىژدا داۋاملىشىپ، ئىتالىيەنىڭ سۇ ئۈستى شەھىرى ۋېنىستا 19- ماي زور ئۇتۇقلار بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى. سۆيۈملۈك سەنئەتكارىمىز، قىتئەلەر ئارا قاناتلانغان كۈيچى سەنۇبەر تۇرسۇن خانىم، غېجەك ئۇستازى ئابدۇكېرىم ئوسمان، تەمبۇر ئۇستازى مىجىت يۇنۇس ئاكىلاردىن تەشكىل قىلىنغان بۇ ئۈچ كىشىلىك سەنئەت توپى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا-مۇزىكا سەنئەت دۇردانىلىرىنى ياۋروپانىڭ سەھنە ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلاپ، ئۇيغۇر خەلقىگە زور دەرىجىدە شان-شەرەپلەر كەلتۈردى.

## ئايرودرومدا مېھمانلارنى كۈتۈش

بۈگۈنكى دۇنيادا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى چېگرالارنى باشقۇرۇش شۇنداق قاتتىقكى، چېگرالاردىن ئىناۋەتلىك پاسپورت ۋە ۋىزا رەسمىيىتى بولمىسا ئادەملەرلا ئەمەس، ھەتتا يۈك-تاقلارمۇ ئۆتەلمەيدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ دۇنيادىكى جانلىقلار ئىچىدە ئادەملەر ئەڭ بىچارە بولسا كېرەك. چۈنكى بىر چۆل تورغىيى چېغىدىمۇ ئۇ دۆلەت چېگراسىدىن بۇ دۆلەت چېگراسىغا پەرۋاسىزلا ئۇچۇپ كېتىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟!

بىر يىلدىن بۇيان داۋاملاشقان، سەنۇبەر تۇرسۇن خانىم يېتەكچىلىكىدىكى ئۈچ ئۇيغۇر سەنئەتكارنى "سەنۇبەر تۇرسۇن 2014- يىللىق ياۋروپا سەنئەت سەپىرى"

پائالىيىتى نامىدا غەربىي ياۋروپاغا ئېلىپ كېلىش خىزمىتى ئاگاخان فوندى بىلەن لوندۇن ئۇنىۋېرستى تەرىپىدىن بىرلىكتە باش قوشۇپ ئىشلەش ئارقىلىق مۇۋاپىقيەتلىك ئاياغلاشتى. مۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب لوندون دۇنيا سەنئەتنى ئەڭ كۆپ نامايان قىلىدىغان، دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ سەنئەت قىممىتىگە ئۆزگىچە ئېتىبار ۋە ھۆرمەت كۆرستىدىغان، كوپ مەدەنىيەتلىك دۇنيا سەنئىتىنىڭ يۇلتۇزلىرى ھەر ۋاقىت پارلاپ تۇرىدىغان شەھەرلەرنىڭ بىرىدۇر. ئافېرىقانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى فىرانسۇزچە سۆزلەيدىغان، ئىپتىدائىي قەبىلىدىن كىلىپ چىققان قارا تەنلىك بىر توپ سەنئەتكارلارنىڭ لوندونغا كىلىپ سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشى، بۇ خىلدىكى سەنئەت پائالىيتىنىڭ يىلدا بىر ئىككى قېتىم ئېلىپ بېرىلىشى نورمال بىر ئىش ھىسابلانسىمۇ، ئەمما خەلقئارادا نورمال ھىسابلانغان ئويۇن قويۇش پۇرسەتلىرى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىغا ئانچە ئاسان نېسىپ بولمايدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبلىرى نۇرغۇن، يۇزەكى سەۋەبلىرى بولسا رايون ۋە دۆلەت ئالاھىدىلىكى، رەسمىيەت بېجىرىشنىڭ ئۆلچەمسىزلىكى ۋە قىيىنلىقى، خەلقئارالىق تىل بىلمەسلىك، ئورۇنلاشتۇرغۇچى يەنى تەكلىپ قىلغۇچى ئورۇن بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشالماسلىق، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە باشقىلار. ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق باركى، ئالدىنقى ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2003-يىلى "شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى" دىن تەشكىللەنگەن 15 كىشىلىك ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرى ئەنگلىيەگە كېلىپ بىر ئايغا يېقىن ئەنگلىيەنىڭ ئون نەچچە شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىنى نامايان قىلىپ، تاماشىبىنلارغا ئۇنتۇلغۇسىز بىر مەدەنىيەت خاتىرىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى، بۇنىڭغا دەل 11 يىل بوپتۇ. بۇ قېتىمقى پۇرسەت ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ لوندۇنغا كىلىشىدىكى يەنە بىر قېتىملىق پۇرسەتتۇر. سەنۇبەر تۇرسۇن باشلىچىلىقىدىكى سەنئەتكارلار 2014-يىلى ئاران دىگەندەك لوندۇنغا كەلدى ۋە ئويۇن قۇيۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى، ھېلىمۇ ئاسان قولغا كەلمىگەن بۇ پۇرسەتكە مىڭ شۈكۈرلەر!

گەرچە بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ناھايىتى تەپسىلىي پىلانلانغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بىر خىل تەشۋىشلەر ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئەنگلىيەگە بىخەتەر كېلىشىنى تەخىرسىزلىك بىلەن كۈتتۇق. بۇ شەيتان قۇلاق ئۇندىدراغا بارىكاللا، مەن بۇگۈن ئۇخلاشتىن بۇرۇن يەنى 5- ئاينىڭ 10-كۈن كەچ سەنۇبەردىن ئۇندىدار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۇرۇمچى ئايرودرومىدا ئۇرۇمچىدىن ئىستانبۇلغا يەرلىك ۋاقىت 22:50 مىنۇت ئۆتكەندە ئۇچىدىغان CZ679 - قېتىملىق ئايروپىلانغا ساق سالامەت چىققانلىقى ھەققىدە خەۋەرنى ئاڭلىدىم. ھۇررا! خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئورنۇمدىن سەكرەپ كەتتىم. دېمەك ئاللاھ نېسىپ قىلسا ئۇلار ئىستانبۇل ئاتا تۈرك ئايرودرومىغا يەرلىك ۋاقىت 00:20 دە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن شۇ ئايرودرومنىڭ ئىچىدىلا ئىستانبۇلدىن لوندونغا سەھەر يەرلىك ۋاقىت سائەت 07:00 دە ئۇچىدىغان TK1981- قېتىملىق ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىدۇ ۋە ئەتە ئەتىگەن لوندون ۋاقتى سائەت 9:05 لوندون Gatwick ئايرودرومىنىڭ شىمالىي ئۇچۇش سۇپىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئەمدى مېنىڭ ئەتە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشىم لوندون ۋاقتى سەھەر سائەت 6 بىلەن ماشىنا ھەيدەپ لوندون Gatwick ئايرودرومىغا يولغا چىقىش ۋە ئەتىگەن سائەت 8:30 دىن بۇرۇن ئايرودرومغا بېرىپ مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇلارنى ساق - سالامەت لوندون شەھەر مەركىزىدىكى ئالدىدىن زاكاز قىلىنغان مېھمانخانىغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى.

لوندون شەھىرى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، ھازىرقى زامان پەن-مەدەنىيەت ۋە سانائىتىنىڭ بۆشىكى، دۇنيا ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىنىڭ مەركىزى بولۇشى بىلەنلا تونۇلۇپ قالماستىن، ئۇنىڭ يەنە ئاسىيا، ياۋروپا، ئوكيانىيە ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىنى شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەلىرى بىلەن ئاتلانتىك ئوكيان سۇ ۋە ھاۋا يول قاتنىشى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇۋشتەك جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكلىرى بىلەنمۇ مەشھۇردۇر. مانا مۇشۇ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك بۈيۈك بىرىتانىيەنىڭ دېڭىز ۋە ھاۋا قاتناش سانائەت، مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ ئالاھىدە تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولغان .

پەقەت لوندون شەھىرى ۋە لوندون شەھەر رايونى ئەتراپىدىلا 6 ئايرودروم بار. ئۇلار: Gatwick, Southend, Stansted, Luton, Heathrow، City Airport. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان قوبۇل قىلىش ۋە ئادەم توشۇش بويىچە لوندون Heathrow ئايرودرومى دۇنيا بويىچە 5- ئورۇندىكى ئەڭ ئالدىراش ئايرودروم ھېسابلىنىدۇ. لوندون Heathrow ئايرودرومى 1946- يىلى قۇرۇلغان، لوندون Heathrow ئايرودرومىنىڭ 5 ئۇچۇش سۇپىسى (تېرمىنالى) بار.

بۈگۈن يەكشەنبە كۈنى سەھەر بولغاچقىمۇ لوندون شەھەر ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان M25 نومۇرلۇق يۇقىرى سۈرەتلىك تاش يول خېلىلا بوش ئىدى. مەن بىر سائەتتىن ئارتۇقراق سائەتلىك سۈرەت تېزلىكى 80 mile (128km) ئاشۇرۇپ مېڭىپ ئاخىر لوندوننىڭ Gatwick ئايرودرومىغا پىلان قىلغان ۋاقىتتىن 20 مىنۇت بۇرۇن يېتىپ كەلدىم .

ئايرودرومنىڭ يولۇچىلار كېلىش ئېغىزىدا كۆزلىرىم تەقەززالىق بىلەن ئۈچ ئۆيغۇرنى كۈتەتتى.... سائەت 9 يېرىم بولدى. مەن كۈتكەن ئايروپىلانمۇ كېلىپ بولدى، ئەمما مەن كۈتۈۋاتقان بۇ ئەزىز مېھمانلىرىم چىقمىدى. سائەت 10 يېرىم بولدى...11 يېرىم بولدى.... ئەمما مېھمانلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. مەن مېھمانلاردىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم ۋە ئايرودرومدىكى ئۇچۇر مۇلازىمەت ئورنى ئارقىلىق ئەنگلىيە چېگرادىن كىرىپ - چىققۇچىلارنى باشقۇرۇش ئورنىدىكى خادىملار بىلەن تېلېفون ئالاقىسى قىلساممۇ، ئۇلار مۇنداق بىر ئادەملەرنى ئايرودرومدا تۇتۇپ قالمىغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن ئەنسىرىشىم كۈچەيدى ۋە بۇ پائالىيەتنى مەسئۇل بولۇپ تەشكىللىگۈچى دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىمغا ئەھۋالنى بىلدۈرۈپ، قانداق قىلىش توغرىسىدا تېلېفوندا پاراڭلاشتىم. شۇنىڭ بىلەن بىز جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، دىققىتىمىزنى ئىستانبۇلدىن لوندونغا ئۇچىدىغان تۈرك ھاۋا يوللىرىنىڭ TK1981- قېتىملىق ئايروپىلانغا مەركەزلەشتۈردۇق. بىر سائەتلەرچە تېلېفون

ئارقىلىق قىزىق لىنىيەلىك ئالاقىلىشىشلاردىن كېيىن تۈرك هاۋا يوللىرى بىزگە مېهمانلىرىمىز توغرىسىدا ئېنىق جاۋاب بەردى .

بۇ ئىش ئەسلى مۇنداق بولغان ئىكەن: ئۈرۈمچىدىن ئىستانبۇلغا ئۇچىدىغان CZ679 ـ قېتىملىق ئايروپىلان ئاتا تۈرك ئايرودرومىغا يەرلىك ۋاقىت كېچە 12 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە يېتىپ كەلگەن. سەنئەتكارلىرىمىز يەرلىك ۋاقىت ئەتىگەن سائەت 7 دە ئايروپىلان ئالمىشىپ لوندونغا ئۇچىدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار لوندۇنغا ئۇچىدىغان ئايرۇپىلانغا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى ئۈرۈمچىدە جۇڭگو جەنۇب ئاۋئىئاتسىيە  شىركىتى تەرىپىدىن لوندونغا ئەمەس بەلكى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇلغا ماگدۇرۇلغان ئىكەن. سەۋەبى تۈرك هاۋا يوللىرى بىلەن جۇڭگو جەنۇب ئاۋئىئاتسىيە  شىركىتىنىڭ ئۇچىنچى بىر دۆلەتكە يۈك ـ تاق يەتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مېهمانلارنىڭ يۈك تاقلىرى ئىستانبۇل ئايرودرومىدا لوندونغا ماگدىغان ئايروپىلان ئالمىشىش چېگراسىغا كىرەلمىگەن ئىكەن...... ئاخىر ئۇلار مىڭ تەسلىكتە يۈك - تاقلىرىنى ئېلىۋېلىش مەقسىتىدە ئايروپىلان ئالمىشىدىغان ئورۇندا تۈركىيەگە كىرىش ۋىزىسى ئېلىپ تۈركىيە چېگراسىدىن چىققان ۋە يۈك تاقلىرىنى تېپىۋالغاندىن كېيىن لوندونغا ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىنى ئىزدىگەن، ئەمما ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئايروپىلانغا كېچىكىپ قالغان... ئايرودرومدىكىلەر ئۇلارنىڭ تىلى ۋە مەقسىتىنى ناهايىتى تەستە چۈشىنىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىپ يېڭىدىن ئىستانبۇلدىن لوندونغا ئۇچىدىغان يەككە يۆلۈنىشلىك ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ بەرگەن ئىكەن. ئۇلار ئىستانبۇلدىن TK 1997 ـ قېتىملىق ئايروپىلان بىلەن لوندون ۋاقتى سائەت 16:05 مىنۇت ئۆتكەندە لوندون Gatwick ئايرودرومىغا كېلىدىكەن . بۇ هېكايە خېلى مۇرەككەپلەشتى.....ئەمما چۈشىنىشكە بولىدۇ. يەنىلا ئەڭ مۇهىمى ئۇلار 8 سائەت كېچىكسىمۇ بەرىبىر كېلىدىكەن. دېمەك بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ زور خۇشاللىق ئىدى !

مەن بۇرۇن باشقىلارنىڭ "ئادەم كۆتۈش ئەڭ زېرىكىشلىك ئىش" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئەمما مەن ئۇنداق دەپ قارىمايمەن. ئادەم كۆتۈشنىڭ زېرىكىشلىك

ياكى كۆڭۈللۈك بولۇشى دەل شۇ كىشىنىڭ ئادەم كۈتۈۋاتقان ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىشىغا باغلىق. ۋاقىتنى مەنىلىك ئۆتكۈزەلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەر بىر دەقىقە ۋاقىت ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىكتۇر . ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىشنى، ھاياتنىڭ قىممەتلىكىنى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن بوش ۋاقىت بولسا ئەھمىيەتسىز ۋە زېرىكىشلىكتۇر. ھەر كىشى قولىدىن بوش ئۆتكۈزۈۋەتكەن ۋاقىتقا ئۆز خاھىشى بىلەن چۈشەنچە بەرسىمۇ، ئەمما قولىدىن كەتكەن شۇ ۋاقىتنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ.

مەن iPad (قول كومپيۇتېرى) نى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىۋاپتىكەنمەن. شۇڭا مېھمانلىرىمىزنى كۈتۈشمۇ ماڭا ئانچە زېرىكىشلىك تۇيۇلۇپ كەتمىدى. مەن iPad تىن پۈتۈن دۇنيانىڭ خەۋەر - يېڭىلىقلىرىنى كۆرۈپ بولدۇم، ھەتتا كەلگەن ئېلخەتلىرىمنىمۇ تەكشۈرۈپ بولدۇم... كېيىن بۇرۇن باشلاپ قويغان بىر تەرجىمە ئەسىرىمنىڭ داۋامىنى ماشىنىنىڭ ئىچىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ بىر قانچە سائەت ئىشلىدىم... ۋاقىتنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەپتىمەن. بىر چاغلاردا قارىسام سائەت چۈشتىن كېيىن 3 بولۇپ ئېشىپتۇ. مانا ئاخىر مەن بۈگۈن سەھەردىن تارتىپ كۈن بويى كۈتكەن بۇ ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش يېقىنلاپ قاپتۇ. مەن ماشىنىنى تاقاپ، ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىن ئايرودروم ئىچىگە قاراپ يول ئالدىم.

ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈشلەردىن كېيىن لوندون ۋاقتى چۈشتىن كېيىن 5:30 دا رەڭگا رەڭ ئادەملەر ئارىسىدىن قوللىرىدا دۇتار- تەمبۇرلار كۆتۈرۈۋالغان 3 ئۇيغۇرنىڭ قارىسى ئاخىر كۆرۈندى. ئۇلار ساق-سالامەت كەلگەن ئىدى. بىز قىزغىن دىدارلاشتۇق. بىز پاراڭلاشقاچ مەن ئۇلارنى ماشىنىنى توختاتقان ئورنىغا باشلاپ كەتتىم .

## لوندون شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىش

بىز تۆتەيلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ Gatwick ئايرودرومىدىن لوندون شەھىرىگە قاراپ يول ئالدۇق. بۈگۈن لوندوننىڭ ھاۋاسى باشقا كۈندىكىدىنمۇ خېلىلا ئىللىق ئىدى. گاھى-گاھىدا پەيدا بولۇپ قالىدىغان بۇلۇتلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئاسمان كۆپكۆك. ئىككى قاسنىقى ياپيېشىل ئورمان بىلەن قاپلانغان يۇقىرى سۈرەتلىك تاش يولدا ماشىنا چاپماقتا.... ماشىنا ئىچى ئۇرۇمچىنىڭ ۋە ئىستانبۇلنىڭ پاراڭلىرى بىلەن لىق تولدى. دىدار غەنىمەتتىدىن تۇغۇلغان خۇشاللىق باشقا ھېچ قانداق خۇشاللىققا ئوخشىمايدىكەن، بىز ھەممىمىز سۆزلەپ توختىمىدۇق. چىرايلىرىمىزدىن خۇشاللىق جىلۋىلىرى توختىماي تۆكۈلەتتى...

بىز Gatwick ئايرودرومىدىن ئايرىلىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، لوندوننىڭ جەنۇبىدىكى Surry, Croydon, Mitcham, Brixton, Lambeth قاتارلىق شەھەر بۆلەكلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ لوندون شەھەر مەركىزىگە (River Thames) تايمىس دەرياسىنىڭ ۋوتېرلو (Waterloo)كۆۋرۈكى ئارقىلىق كىرىپ كەلدۇق. لوندون ۋاقتى كەچ سائەت 7 يېرىم بولغاندا مېھمانلار ئۈچۈن زاكاز قىلىنغان Bedford مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ مېھمانخانا شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرىگە جايلاشقان، ئورنى قۇلايلىق بولۇپ، شىمال تەرەپتە 200 مېتىر يىراقلىقتا (Russell Square) رەسسېل مەيدانى باغچىسى بىلەن رەسسېل يەر ئاستى تومۇر يولى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. غەرب تەرىپى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى رەسسېل باغچىسى ئارىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ھەيۋەتلىك بىرىتانىيە مۇزېيىمۇ مېھمانخانىغا دېرىزىدىن كۆرۈنىدۇ.




مېھمانلارنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تەلەپ بويىچە مېنىڭ بىرىنچى قىلغان ئىشىم ئۇلارنىڭ يانفون ۋە قول كومپيۇتېرلىرىنى مېھمانخانىنىڭ Wi-Fi ئىنتېرنېت تورىغا ئۇلاپ بېرىش بولدى. مېھمانلار يېرىم سائەت ئەتراپىدا ئۇندىدار ئارقىلىق ۋەتەندىكى ئائىلىلەر ۋە دوست بۇرادەرلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ لوندونغا سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، بىز ھەممىمىز مېھمانخانىدىن كەچلىك تاماق يېيىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتۇق. تەلىيىمىزگە

مېھمانخانىغا تام قوشنا بىر "ئاناتولىيە" ئىسىملىك تۈرك رېستورانى بار بولۇپ، بىز قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىشتىن بۇرۇن رەسىپل مەيدانى باغچىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارمىقىدىكى شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى (SOAS)، مائارىپ ئىنستىتۇتى، بىرىكبەك ئىنستىتۇتلىرىنى ئايلاندۇق. ئاخىرىدا بىرىتانىيە مۇزېيىنىڭ شىمالى تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ھېلىقى تۈرك رېستورانىغا قايتىپ كېلىپ تاماقلاندۇق. مېھمانلار شۇ قەدەر ئاۋارىچىلىكلەرنى تارتىپ ئۈيقۇسىز بىر سوتكا سەپەر قىلغىنىغا قارىماي روھلۇق ئىدى.

بىزگە ھەممىدىن زور خۇشاللىق ئۇلار بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ پىلان بويىچە لوندونغا ساق-سالامەت ئۇلگۈرۈپ كېلەلىگىنى ئىدى. يېڭى بىر مۇھىت ۋە مەدەنىيەتنى كۆرگەنلىكىدىن پەيدا بولغان جۇشقۇنلۇقىمۇ ئەيتاۋۇر بۇ نۇرلۇق چىرايلاردىكى روھلۇق كەيپىياتلار ئۇلارنىڭ سەپەر ھاردۇقلىرىنى يوشۇرۇپ قالغان ئىدى. بىزنىڭ ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تەمىگە ئاز تولا ئوخشىشىپ كېتىدىغان تۈرك سۇيۇق ئاشلىرى، تۈرك پولۇسى ۋە كاۋاپلار بىلەن راھەتلىنىپ غىزالانغاچ بىر مەھەل قىزغىن پاراڭلارغا پاتتۇق. بىز مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا لوندون ۋاقتى كەچ سائەت 11 لەردىن ئاشقان ئىدى. مەن مېھمانلارنىڭ بۈگۈن ياخشى ئارام ئېلىشىنى تىلەپ، ئۇلار بىلەن مېھمانخانىنىڭ كۈتۈۋېلىش خانىسىدە خوشلىشىپ قايتتىم .

## شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق

بۈگۈن 19- ماي. سەنۇبەر تۇرسۇن خانىم يېتەكچىلىكىدىكى بۇ ئۈچ كىشىلىك ئۇيغۇر سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ بۈگۈنكى پائالىيەتلىرى تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. مېھمانلارنىڭ سەپەردە كوپ چارچىغانلىغىنى نەزەردە تۇتۇپ چۈشتىن بۇرۇن ئارام ئېلىش. چۈشكە يېقىن مېھمانخانىدا دوكتور رەيچېل ھاررىس

خانىم بىلەن ئۇچرىشىش ۋە چۈشلۈك تاماقنى بىرگە يېيىش، ئاندىن كېيىن كەچتە كونسېرت بولىدىغان بىرۇنېي تىياتىر خانىسىنى كۆرۈش، كېيىنكى سائەتلەردە "سەنۇبەر تۇرسۇن 2014- يىللىق ياۋروپا سەپىرى" نىڭ تۈنجى بېكىتى بولغان لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇت مۇزىكا فاكۇلتېتىدا داۋام قىلىدىغان تۆت كۈنلۈك پائالىيەتلەرنىڭ پروگراممىلىرىنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش، چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تىن باشلاپ كەچ سائەت 7 دە باشلىنىدىغان سەنۇبەر تۇرسۇن سەنئەت كەچلىكىگە تەييارلىق قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن سەھنە مۇھىتى بىلەن تونۇشۇش، ئاۋاز تەڭشەش ۋە مەشىق قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى .

بۇ قېتىمقى سەنۇبەر تۇرسۇن 2014- يىللىق ياۋروپا سەنئەت سەپىرى ئاگاخان فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولۇپ، لوندون، پارىس ۋە ۋېنىس قاتارلىق شەھەرلەردە سەنۇبەر تۇرسۇن سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە بۇ شەھەرلەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا، تىياتىرخانىلاردا ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا، چالغۇلىرى ۋە ئۇيغۇر مۇقامىدىن جانلىق مەشقلەر كۆرسىتىپ دەرس بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى .

مانا بۇ مەقسەتلەرنىڭ تۇنجى پروگراممىسى بۈگۈن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ساھىبخانىلىقىدا ئۇيغۇر مۇزىكىشۇناس دوكتور رەيچېل تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىۋاتاتتى.

ئۇنداقتا بىز بۇرۇن ئاز-تولا ئاڭلىغان، بولۇپمۇ يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان بۈيۈك بىرىتانىيەدە ئۇيغۇر تەتقىقاتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىۋاتقان لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى تارمىقىدىكى بۇ يېتۈك شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى قانداق ئورۇن؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتەي: لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى لوندون شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت 1836 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، هازىر ئۇنىڭ تارمىقىدا 18 ئىنستىتۇت، 10 تەتقىقات ئىنستىتۇتى ۋە تەتقىقات مەركەزلىرى بار. لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىغا قاراشلىق ئىنستىتۇتلار ئىچىدە توققۇز ئىنستىتۇت ئەڭ چوڭ ۋە مەشهۇر بولۇپ ئۇلار: پادىشاهلىق ئىنستىتۇت (King's College London)، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتلار ئىنستىتۇتى (University College London)، شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى (SOAS)، ئالتۇنچىلار ئىنستىتۇتى (Goldsmiths)، بېركبەك ئىنستىتۇتى (Birkbeck)، لوندون سودا-تىجارەت ئىنستىتۇتى (London Business School)، ئايال پادىشا مەريەم ئىنستىتۇتى (Queen Mary)، خان جەمەتى هوللوۋەي ئىنستىتۇتى (Royal Holloway)، لوندون ئىقتىساد ۋە سىياسەت ئىنستىتۇتى ( London School of Economics and Political Science).

لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تور سەھىپىسىدە http://www.lon.ac.uk كۆرسىتىلىشىچە 2005 - 2006 يىللىق ئوقۇش مەۋسۇمىدە دۆلەت ئىچىدىن ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 135،090 ، دۆلەت سىرتىدىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان خەلقئارالىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 50،000 دىن ئارتۇق دەپ بايان قىلىنغان .

"SOAS" - بۇ سۆز ئىنگلىزچە "School of Oriental and African Studies" دېگەن سۆزنىڭ باش ھەرىپ قىسقارتىلمىسى بولۇپ ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇق تەرجىمىسى: شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىنستىتۇت 1916- يىلى قۇرۇلغان. ئۇ ياۋروپادىكى بىردىن بىر ئاسىيا، ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، سىياسىي، ئىقتىسادىي قاتارلىق ساھەلەرنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىدىغان ۋە بۇ ساھەلەر بويىچە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى بېرىدىغان ئىنستىتۇت بولۇپ، ئۇنىڭ تارمىقىدا 60 تىن ئارتۇق فاكۇلتېت، تەتقىقات مەركەزلىرى بار.

گەرچە بۈيۈك بىرىتانىيەدە ئۇيغۇر تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇر ئېلىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش قىزغىنلىقى 1860- يىللىرىدىكى بىرىتانىيە ۋە رۇسىيە ئىمپېرىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زېمىن ئىشغال قىلىش ۋە تەسىر دائىرىلىرىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە "ئوتتۇرا ئاسىيا كاتتا ئويۇنى" نى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ باشلانغان بولسىمۇ، ياقۇپ بەگ دەۋرىدە بۇ قىزىقىشلار يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ تاكى 1949- يىللىرىغىچە داۋام قىلغان ئىدى. بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلاردا ۋېنگىرىيە - بىرىتانىيە ۋەتەندىشى بولغان، 1862- يىلى بۇداپېشتتا بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان مەشھۇر ئارخېئولوگ سىر مارك ئاۇرېل ستېيىن (Sir Marc Aurel Stein) ئەپەندىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتى ۋەكىل خاراكتېرلىكتۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئارخېئولوگ ئاۇرېل ستېيىن ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم بېرىپ ئۇزاق تۇرۇش ئارقىلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئېرىشكەن قەدىمىي قول يازمىلار، تارىخىي بۇيۇملار قاتارلىق ئاسارە- ئەتىقىلەرنىڭ بىرىتانىيە مۇزېيى ۋە بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا جەمئىيەتكە ئوچۇق

كۆرستىلىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تەتقىقاتىغا قىزىققۇچى ئالىملارنىڭ سانى كۆپىيىدۇ. بۇ ساھەلەردە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ئىلمى ئەمگەكلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ، تارىخىي، ئارخېئولوگىيىلىك كىتابلار يېزىلىپ نەشر قىلىنىدۇ .

دېمەك بۈيۈك بىرىتانىيەدە يېقىنقى ئون نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تەتقىقاتى ۋە قىزغىنلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ يىرىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن دەۋرىمىزدە يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرگەن ئالىملاردىن دۇرھام ئۇنىۋېرستېتىدىن تارىخشۇناس دوكتور مايكېل دىللون (Michael Dillon, Durham University)، شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن مىللىي مۇزىكشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا تەتقىقاتچىسى دوكتور رەيچېل ھاررىس (Rachel Harris, SOAS)، نىۋكاسىل ئۇنىۋېرستېتىدىن (Joanne Smith Finley, Newcastle University) تىل ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى دوكتور جوئاننې سمىس فىنلەي قاتارلىق ئاكادېمىكلارنى مىسال قىلىپ كۆرستەلەيمىز.



جۇملىدىن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تەتقىقاتى 1990 - يىللىرىدىن باشلانغان. بولۇپمۇ مىللىي مۇزىكشۇناسلىق، ئۇيغۇر مۇزىكاسۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر تەتقىقاتى دوكتورى رەيچېل هاررىس خانىم شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە ناخشا-مۇزىكا سەنئىتىگە، ئۇيغۇر مۇقام مۇزىكىسىغا بولغان قىزغىنلىقى نەتىجىسىدە بۇ ساھەلەردە ئۇيغۇر تەتقىقاتى ئۇچۇن كۆپلىگەن ئىلمىي خىزمەت ۋە پائالىيەتلەر ئېلىپ بارغان. بۇ بايانلىرىمنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە دوكتور رەيچېل هاررىس خانىم تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە تەتقىقاتىغا ئائىت بىزگە مەلۇم بولغان ئەمگەكلىرىدىن بىر قانچىسىنى مىسال قىلىپ ئۆتىمەن .

- دوكتور رەيچېل هاررىسنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 2000- يىلى پاشا ئىشان يېتەكچىلىكىدىكى "شىنجاڭ ناخشا-ئۇسۇل ئۆمىكى" نامىدا كەلگەن مۇساجان روزى، غىياسىدىن بارات، هوسەنجان جامى، ياسىن مۇخپىل، تۇرسۇن ئىسمايىل، ئېزىز نىياز قاتارلىق پىشقەدەم سەنئەتكارلىرىمىز ئەنگلىيەنىڭ بىر قانچە شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر سەنئىتىدىن كونسېرت بەردى. بۇ ئۇيغۇر سەنئەتكارلارنىڭ مەخسۇس BBC رادىئو- تېلېۋىزىيىسىدە ئىجرا قىلغان ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىللىرى ئاۋازغا ئېلىنىپ، 2000- يىلى ئەنگلىيەنىڭ "دۇنيا ئۇسلۇبى" (Globestyle) ئۇن-سىن نەشرىياتى شىركىتىدە "ئۇيغۇر مۇزىكانتلار: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بوستانلىق شەھەر مۇزىكىسى (شىنجاڭ)"
"Uyghr musicians: Music from the Oasisi Towns of Central Asia Xinjiang" ناملىق CD پىلاستىنكىسى نەشر قىلىندى .

دوكتور رەيچېل هاررىسنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 2003- يىلى "شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى" نىڭ 15 نەپەر سەنئەتچىلىرى ئەنگلىيەدە بىر ئاي ئۇيغۇر سەنئىتىدىن كونسېرت بەردى .

2004-يىلى "ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو ئارىسىدا قالغان ئۇيغۇرلار" ناملىق خەلقارالىق ئىلمىي يىغىن شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ بىرونېي يىغىن زالىدا ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئېلىدىن يىتىلىپ چىققان ئىجتىمائى پەن ساھەسىدىكى ياش ئاكادېمىكلاردىن دوكتور راھىلە داۋۇت ۋە دوكتور ئەسەت سۇلايمانلار قاتناشتى. مەزكۇر يىغىندا ئوقۇلغان 10 نەچچە پارچە ماقالىلەردىن توپلانغان كىتاب دوكتور رەيچېل ھاررىسنىڭ تەھرىرلىكىدە ئىنگلىز تىلىدا

"Situating the Uyghurs Between China and Central Asia" (ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو ئارىسىدا قالغان ئۇيغۇرلار) نەشردىن چىقتى .

دوكتور رەيچېل ھاررىسنىڭ 2008- يىلى " The Making of a Musical Canon in Chinese Central Asia: The Uyghur Twelve Muqam" (جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ قېلىپلىشىشى) ناملىق كىتاب ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىندى.

2014يىل 10- يانۋاردا "جۇڭگودىكى ئىسلامىي ئاۋازغا نەزەر" ( Islamic Soundscapes of China) ناملىق ئىلمىي يىغىنى -مۇھاكىمە يىغىنى شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ بىرونېي تىياتىرخانىسىدا دوكتور رەيچېل ھاررىسنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا تۆت نەپەر ياش ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرى قاتناشتى .

# ئۇيغۇر مازارلىرى رەسىم كۆرگەزمىسى

ھەممىمىز يۇقىرىدا تونۇشۇپ چىققان لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەۋە بولغان شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىمنىڭ تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە بۆگۈن 12- ماي مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ برۇنېي تىياتىرخانىسىدا ئۇيغۇر ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى چوڭ پائالىيەت داۋام قىلدۇ. بۇ پائالىيەتنىڭ بىرى ئامېركىلىق تونۇلغان رەسسام لىسا روسس (Ross Lisa) خانىمنىڭ فوتو-سۈرەت ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس جايلىرى - ئۇيغۇر مازار رەسىم كۆرگەزمىسى. ئىككىنچىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيگەن تالانتلىق سەنئەتكارى ناخشىچى، كومپوزىتورى سەنۇبەر تۇرسۇن خانىمنىڭ مەخسۇس سەنئەت كېچىلىكىدۇر .

مەن بۆگۈن بىر ئاماللارنى قىلىپ خىزمىتىمنى بالدۇر تۈگىتىپ كەچ سائەت 5 دە باشلىنىدىغان لىسا روسس خانىمنىڭ رەسىم كۆرگەزمىسگە ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىرىدىم. مەن رەسسېل مەيدانى يەر ئاستى تومۇر يولىدىن يەر ئۈستىگە چىقىشتا ۋاقتنى تېجەش ئۈچۈن توك پەلەمپىيىنى كۈتۈپ تۇرمايلا پەلەمپەيلەرنى تاقلاپ، سەكرەپ يۈرۈپ دېگەندەك نەپسىمنى ئاران ئېلىپ يۇقىرىغا چىقتىم. بۇ يەر ئاستى پويىز بېكىتىدىن چىقىپ تۇرۇشۇمغا لوندوننىڭ تەلۋە يامغۇرلىرى ئۇستى - بېشىمغا قۇيۇلۇشقا باشلىدى. لوندوندا ئون نەچچە يىل ياشاش جەريانىدا لوندوننىڭ يامغۇرلۇق ھاۋاسى مېنى يېنىمدىن كۈنلۈكنى ئايرىمايدىغان قىلىپ ئۆگەتكەن ئىدى. مەن سومكامدىن كۈنلۈكنى ئېلىپ ئۆزۈمنى دالدا قىلدىم - دە برۇنېي تىياتىرى تەرەپكە قاراپ تىز يول ئالدىم .

برۇنېي تىياتىرى شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ قارشىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قۇرۇلۇش ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. مەن برۇنېي تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تىياتىرخانىنىڭ

ئالدىدىكى ئىككى تۆۋرۈككە چاپلانغان چوڭ خەتلىك ئېلان دىققىتىمنى تارتتى ۋە خاتىرە ئۈچۈن ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىۋالدىم - دە كۆڭلۈمدىكى ئۈستىدىكى يامغۇر سۇلىرىنى چۈشۈرگەچ كۆرگەزمە زالى ئىچىگە كىرىپ كەلدىم. كۆرگەزمە زالى ئىچىدە مەن تونۇيدىغان بىر خانىم ماڭا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ دەل بۈگۈنكى ئۇيغۇر مازارلىرى رەسىم كۆرگەزمىسىنىڭ ساھىبى لىسا روسس خانىم ئىدى. مەن لىسا روسس خانىم بىلەن 2009- يىلى ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز-ئارا خەت ئالاقە قىلىشىپ كېلىۋاتقان ئىدۇق .



بىز قىزغىن سالاملىششتىن كېيىن، لىسا مېنى كۆرگەزمىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. كۆرگەزمە زالى ئىچىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى بولۇپمۇ مازارلىرى

تەسۋىرلەنگەن 20 نەچچە پارچە، كەڭلىكى تەخمىنەن 2 كۋادرات مېتىرچە چوڭلۇقتىكى فوتو رەسىملەر تاملاردا ئالاھىدە بىر گۈزەل-سەنئەت پۇراقلىرى بىلەن ئەينەك رامكىلار ئارقىلىق ئېسىقلىق تۇراتتى. فوتو سۈرەتلەر سولدىن ئوڭغا قاراپ رەتلىك ئېسىلغان بولۇپ، بىرىنچى سۈرەت ئۈستىگە چوڭ خەتلىك قىلىپ مۇنداق يېزىلغان: " Living Shrines: Uyghur Manifestations of Faith, Saints and Islam in Western China" (داۋام قىلىۋاتقان مۇقەددەس جايلار: ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى نامايان قىلىشى؛ جۇڭگونىڭ غەربىدىكى ئىسلام ئەۋلىيالىرى)

تۆۋەندىكى ئۇلىنىشلاردىن سىن فىلمىنى كۆرەلەيسىز:

http://youtu.be/uee5WBFjR34

http://v.youku.com/v_show/id_XNzI4ODg5MTk2.html

بۇ باش تېمىنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، تۇرمۇش، جەمئىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئاخىرىدا لىسا روسس خانىمنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلگەن:

"فوتوگراف لىسا روسس ئۆتكەنكى 10 يىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىدىكى ئەڭ چەت رايوندا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ئۆزگىچە تاۋاپ جايلىرى - ئۇيغۇر مازارلىرىنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن كۆپ قېتىملاپ سەپەر قىلدى. يېقىندا نيۇ يورك شەھىرىدىكى بىر گۈزەل سەنئەت نەشرىيات ئورنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر كىتاب قىلىپ نەشر قىلدى. بۇ قېتىم فوتوگراف لىسا روسس خانىمنىڭ "جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس جايلىرى" نامدىكى فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى لوندوندىكى شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ بىرونېي تىياتىرخانا كۆرگەزمىخانىسىدا 2014- يىلى 4- ئاپرېلدىن 21- ئىيۇنغىچە

ئۆتكۈزۈلىدۇ“




كۆرگەزمىخانا ئادەملەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. مەن “ئۇيغۇر مازارلىرى” نامدىكى بۇ كۆرگەزمىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن لىسا روسس خانىمنىڭ بۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگىكىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم. بىز بۇ پۇرسەتتە بىر ئاز پاراڭلاشتۇق ۋە خاتىرە ئۈچۈن بىللە سۈرەتكىمۇ چۈشۈۋالدۇق. ئاخىردا لىسا بىلەن خوشلىشىپ، كۆرگەزمىخانىنىڭ يان ئىشىكىدىن چوڭ بىر يىغىن زالىغا كىردىم.




بۇ يەردە كۆرگەزمىگە كەلگەن يۈزلەرچە ئادەملەرگە دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىم ئۇيغۇر مازارلىرى ھەققىدە، ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى، ئۇيغۇر مۇقام ۋە داستانچىلار قاتارلىق تېمىلاردا چۈشەنچە بېرىپ، ئۇن-سىن فىلىملىرى ئارقىلىق ئۆرنەكلەر كۆرسىتىۋاتاتتى. كۆرگەزمە ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇنقى يېرىم سائەتتە لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ مۇزىكانتلىرىدىن رەيچېل ھاررىس ئۆزى دۇتاردا،

نىزامىدىن سەمەتوۋ تەمبۇردا، ئىئان پىرايس (Ian Price) داپ بىلەن، رەھىمە مەخمۇت ناخشىدا ئۇيغۇر مۇقام مۇزىكىسىدىن بىر قانچە ئارىيىلەر ئورۇنداپ كۆرگەزمە ئەھلىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى .

## لوندون سەنۇبەر تۇرسۇن سەنئەت كېچىلىكى

“مۇزىكا كائىناتقا قەلب، شامالارغا قانات ئاتا قىلىدۇ. ئۇ تەسەۋۋۇر ئالىمىنىڭ ئۇچقۇچىسى ۋە پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ يولباشچىسىدۇر”

- پلاتو (گىرېك ماتېماتىكاشۇناس ۋە پەيلاسوپ)

بۈگۈن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ برۇنېي تىياتىرخانىسىدا لوندون ۋاقتى كەچ سائەت 7 دە ئۇيغۇرنىڭ سۆيۈملۈك سەنئەتكار قىزى سەنۇبەر تۇرسۇن خانىمنىڭ مەخسۇس سەنئەت كېچىلىكى باشلىنىدۇ .

بىز ئۇزاق كۈتكەن كۈنلەر يېتىپ كەلدى. مەن بۈگۈن خېلىلا ئالدىراش بولدۇم. مېنىڭ بۈگۈنكى خالىس ۋەزىپەم بۇ كەمدىن كەم كېلىدىغان پۇرسەتنىڭ سۈرەت ۋە سىن خاتىرىسىنى نەق مەيداندىن تولۇق ئېلىش ئىدى. برۇنېي تىياتىرخانىسى ماڭا ۋە لوندوندىكى بارلىق ئۇيغۇر جامائىتىگە ناھايىتى تونۇشلۇق بىر ئورۇن ئىدى. بۇ تىياتىرخانىدا تالاي قېتىملاپ لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى ئۇيغۇر سەنئىتىنى نورۇز ۋە باشقا سەنئەت پائالىيەتلىرىدە يىللاردىن بۇيان كۆرسىتىپ كەلگەن بولسا، خەلقئارالىق ئۇيغۇرلار مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقات يىغىنلىرىمۇ مۇشۇ تىياتىرخانىدا ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. مەن ئالدىنقى قېتىم بۇ تىياتىرخانىغا بۇ

يىل 10- يانۋاردا ئۆتكۈزۈلگەن "جۇڭگودىكى ئىسلامىي ئاۋازغا نەزەر" ( Islamic Soundscapes of China) ناملىق يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم .

بۈگۈنكى كونسېرت ھەقسىز ئىدى، ئەمما تىياتىرخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن تاماشىبىنلار ھەقسىز تارقىتىلغان بىلەتلەرنى تىياتىرخانا مۇلازىمەت كۆزنىكىدىن ئېلىپ، تىياتىرخانىنىڭ كىرىش ئىشىكىدە تۇرغان كۆزەتچى خادىمغا كۆرسىتىپ كىرىشى كېرەك ئىدى. بۇ 300 كىشىلىك ئوتتۇرا تىپتىكى تىياتىرخانا بولۇپ، سائەت 6 يېرىم بولا- بولمايلا تىياتىرخانا تاماشىبىنلار بىلەن تولۇپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن كونسېرت باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىگەنلەرنىڭ ئىشتىكتىن كىرىشى رەت قىلىندى. مەن بۈگۈنكى ۋەزىپەمنى تولۇق ۋە نەتىجىلىك ئىجرا قىلىش ئۈچۈن Propeller، BBC، EBC قاتارلىق چوڭ- كىچىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە مېدىيا ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىگە كۆرسىتىپ بېرىلگەن يەردىن ئۆز ئورنۇمنى تېپىپ رەسىم ۋە سىن ئېلىش ئۈچۈن ئاپاراتلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتىم ...




بۈگۈنكى سەنئەت كېچىلىكى جەمئىيەتكە ئوچۇق بولۇپ، كەلگەن تاماشىبىنلارنىڭ ئاساسلىقى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى تەۋەلىكىدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا لوندوندا ياشايدىغان كوپ ساندىكى ئۇيغۇرلار، بۈيۈك بىرىتانىيەنىڭ باشقا يىراق-يېقىن شەھەرلىرىدە ياشاۋاتقان ۋە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار، ھەتتا بېلگىيە، گوللاندىيەلەردىنمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار كەلگەن بولۇپ، سىز بىر قاراپلا بېشىغا كىيگەن يارىشىملىق ئۇيغۇر دوپپىلىرىدىن، رەڭدار ئەتلەس كۆينەكلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشىڭىز ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلار سەھنىگە يېقىن تەرەپتە بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇشقان بولۇپ، بەزى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە قۇچىقىدىكى باللىرىدىن تارتىپ بىللە ئېلىپ كەلگەن، گاھى-گاھىدا چۈچۈك ئۇيغۇر تىلىدا ئۈنلۈك سۆزلەۋاتقان، چىرماشلىق قىلىپ يىغلاۋاتقان ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئاۋازى ئەتراپتا

جىمجىت ئولتۇرۇپ كونسېرتنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈۋاتقان تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ تۇراتتى ...

سائەت ئىستىرېلكىسى لوندون ۋاقتى دەل 7 گە ئۇلاشقاندا سەھنىگە دوكتور رەيچېل هاررىس خانىم چىقىپ كەلدى. ئۇ مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ تەمكىنلىك بىلەن بۈگۈنكى كونسېرتنىڭ باشلىنىش سۆزىنى قىلدى:




"بۈگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ تونۇلغان، ئەڭ كۆپ هۆرمەتكە ئىگە مۇزىكانتى، ناخشىچىسى ۋە كومپوزىتورى سەنۇبەر تۇرسۇن خانىم باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئېلىدىن كەلگەن ئۈچ نەپەر مۇزىكانتلار سىزلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ ۋە يىپەك يولىدىكى بۇ

قەدىمي بوستانلىق يۇرتلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقاملىرى ۋە هازىرقى خەلق ناخشىلىرىنى سىلەرگە تەقدىم ئېتىدۇ. ئەلۋەتتە سەنۇبەر تۇرسۇن خانىمنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ بۇگۈن سەھنىگە چىقىشى ئاسان قولغا كەلمىدى. سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ ناخشىلىرى ئۇيغۇر هازىرقى مۇزىكا سەنئىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بىلەن ئالاهىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. مەن 10 نەچچە يىللاردىن بۇيان سەنۇبەر بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۇرۇمچىدە كۆرۈشتۇم. سەنۇبەرنىڭ ناخشىسى مېنى هەر ۋاقىت ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ  بىرقانچە ناخشىلىرىنى VCD پلاستىنكىلىرى ئارقىلىق دۇتار بىلەن چېلىشنى ئۆگەندىم. سەنۇبەرنىڭ ناخشىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ هازىرقى زامان يىپەك يولىدىكى بوستانلىق سەنئەت مەدەنىيىتىنىڭ ئالاهىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. مېنىڭ ئۇزۇن يىلدىن بۇيان سەنۇبەر تۇرسۇننى غەرب سەھنىلىرىگە ئېلىپ چىقىش ئارزۇيۇم بۈگۈن ئەمەلگە ئاشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم لوندوندا بىر قانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن پارىس ۋە ۋېنىس شەھەرلىرىگە بارىدۇ. مەن سەنۇبەر تۇرسۇن يېتەكچىلىكىدىكى مۇزىكانتلىرىمىزنىڭ لوندوندىكى كۈنلىرىنىڭ ئەهمىيەتلىك، ياۋروپا سەنئەت سەپىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن. قېنى ئۇنداقتا بىز سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ بۈگۈنكى سەنئەت كېچىلىكىدىن بىرلىكتە هۇزۇر ئالايلى!"

تىياتىرخانىنى لەۋزىگە سالغان گۈلدۈر-قاراس ئالقىش چاۋاكلار بىلەن تەڭ قولىدا دۇتار تۇتقان، بېشىغا چىرايلىق چىمەن دوپپا، ئۈستىگە يارىشىملىق كۆكۈش ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن، زىلۋا بوي بىر ئۇيغۇر قىزى ئىككى ئۇيغۇر مۇزىكانتنىڭ ھەمرالىقىدا سەھنىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ قىز ئۇيغۇرنىڭ سۆيۈملۈك سەنئەتكارى سەنۇبەر تۇرسۇن خانىم ئىدى. بىر - بىرلىرىگە ئوخشاش قىلىپ يارىشىملىق ئۇيغۇر دوپپىلىرى بىلەن ئاق رەڭلىك كانىۋاي كوينەك ۋە ئىشتان كىيگەن ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئىككى ئۇيغۇر مۇزىكانتلاردىن قولىدا تەمبۇر تۇتقىنى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىن پېشقەدەم ئۇستاز مىجىت يونۇس ئاكا، ئۇنىڭ يېنىدا قولىدا غېجەك تۇتقىنى، بويى سەل ئېگىزرەك كۆرۈنىدىغان، يۈزى يۇملىقاراق كىشى بولسا شىنجاڭ

سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇكېرىم ئوسمان ئاكا ئىدى .

تۆۋەندىكى ئۇلىنىشلاردىن سىن فىلىمنى كۆرەلەيسىز:

http://youtu.be/CKkGHlfZLyo

http://v.youku.com/v_show/id_XNzI4ODY5MzI4.html

چەبىيات مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن باشلانغان كونسېرت تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى دەرھال ئۆزىگە تارتىپ، تىياتىرخانا ئىچىنى تىمتاسلىققا چۆمدۈردى. كىشىنى ئاڭلىغانسېرى مەھلىيا قىلىدىغان سەنۇبەرنىڭ يېقىملىق، خۇش ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىنىپ زەخمەكىنىڭ سىمغا رىتىملىق، يېنىك ئۇرلىشى بىلەن ياڭراق چىقىۋاتقان تەمبۇر ئاۋازى خۇددى يامغۇردىن كېيىن تاغ بۇلاقلىرىدىن توختاۋسىز ئېتىلىپ چىققان شوخ سۇلاردەك ئۆزگىچە مۇڭ قوشقان دۇتار ۋە غىجەكنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، سەھەردە دېڭىز ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىنىڭ قويۇق ئورمانلار ئۈستىگە تۆكۈلۈپ ئاستا-ئاستا سىڭىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، تاماشىبىنلارنىڭ ئاڭلاش سېزىملىرى، قەلب تۇيغۇلىرى بىلەن ئاستا بىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر مۇقاملىرى سېھرىي كۈچىنى، ئۆز خاسىيىتىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى ...




هاياتىدا مۇنداق كۈيلەرنى تۇنجى ئاڭلىغان تاماشىبىنلارنىڭ مۇڭغا تولغان كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق ئالامەتلىرى روشەن كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بەلكىم بۈگۈنكى بۇ كونسېرتقا كەلگەنلەرنىڭ كوپ ساندىكىسى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھەر قايسى ئىنستىتۇتلارنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە قىزىقىدىغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىدۇر، ۋەياكى ئۇيغۇرلارنى جۇڭگونىڭ غەربى رايونى "شىنجاڭ" دا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئارقىلىق ئاڭلاپ، تۇنجى قېتىم "ئۇيغۇرلار زادى قانداق مىللەت؟ بىر كۆرۈپ باقايلىچۇ.... " دېگەن ئويلار بىلەن ھەيرانلىق ئىچىدە كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەندۇ. كىم بىلىدۇ، ھەر كاللىدا ھەر خىل خىياللار باردۇ ئەمما تاماشىبىنلارنىڭ بۇ سۆكۈتكە پاتقان، ئويچان كەيپىياتىدىن بىز ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە تەڭ تەۋە بولىدىغان ئورتاق تۇيغۇسىنى بايقىشىمىز

تەس ئەمەس. ئۇ تۈيغۇ بولسا ھەممە تىل، ھەممە دىللاردا تەڭلا تەرجىمانسىز چۈشىنىلىدىغان ئىنسان قەلبىنىڭ مەنىۋى روھىيىتى - مۇزىكىدۇر .

مۇزىكا تىلسىز ئاھاڭدۇر. ھەرىكەت ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى. دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلار مەڭگۈ ئۆز مۇزىكا رىتىمىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇ مۇزىكا رىتىملىرىدىن ئادەملەر پەقەت ناھايىتى ئاز بىر ئاھاڭلارنىلا سېزەلەيدۇ، ئاڭلىيالايدۇ ۋە چۈشىنەلەيدۇ... مۇزىكىدىن ئىبارەت بۇ ئومۇملۇققا ئىگە تىلنى دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئادەم چۈشىنىدۇ. چۈنكى مۇزىكا ئىنسان قەلبىنى ساپلىققا، ئەقلىنى ئىنسانلىق تەپەككۇر ئالىمىگە باشلايدىغان، ئىنسان ئەقلىنىڭ يېتۈك بىر جەۋھىرىدۇر. مۇزىكىنى ئاڭلاپ چۈشىنىشكىمۇ بىر ساپ بولغان ئەقىل تەلەپ قىلىنىدۇ ئەمما مۇزىكانت بولماق ئاساس ئىش ئەمەس. دېمەك سەنئەتكار دېگەنلىك باشقىلار قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلالايدىغان تالانت ئىگىسى دېگەنلىكتۇر.

"مۇزىكا كائىناتقا قەلب، شاماللارغا قانات ئاتا قىلىدۇ. ئۇ تەسەۋۋۇر ئالىمىنىڭ ئۇچقۇچىسى ۋە پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ يولباشچىسىدۇر" - بەرھەق، گىرېك پەيلاسوپى سوقراتنىڭ ئوقۇغۇچىسى ماتېماتىكا ئالىمى ۋە پەيلاسوپ پلاتو يۇقىرىدىكى ئەقىل سۆزنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىردە ئېيتىپتىكەن. بۈگۈنكى ئىنسانلار ئالىمدە پلاتوننىڭ بۇ سۆزى سەنئەتنى ھەقىقي چۈشىنىدىغان ئادەملەرنىڭ قەلب سۆزىگە ئايلىنىپ كەتكىلى بىر قانچە ئەسىر بولدى....




تاماشىبىنلار ئۇيغۇر مۇقام مۇزىكىسىنى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىماقتا....بۈگۈن كەچتىكى سەنۇبەر تۇرسۇن سەنئەت كېچىلىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر 12 مۇقامىدىن چەبىيات مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىپ تەز، جۇلا، سەنەم، داستان قىسىملىرىدىن رەت تەرتىپى بويىچە ئۆرنەكلەر ئورۇنلىنىپ ئۈزلۈكسىز 40 مىنۇت ناھايىتى يۇقىرى كەيپىياتلار ئىچىدە داۋام قىلدى. ئارىدا ئون بەش مىنۇتلۇق ئارام ئېلىش ۋاقتى بېرىلدى. ئالقىش سادالىرىغا ئۇلىنىپلا بېشىغا ئۇيغۇر دوپپىسى ۋە ئەتلەس كۆڭلەكلەر كىيگەن لوندوندا ياشايدىغان بىر قانچە ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى، ياش ۋە كىچىك باللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا دەستە - دەستە گۈللەرنى كۆتۈرۈشۈپ سەھنىدە

پەيدا بولدى ـ دە سەنۇبەر تۇرسۇن بىلەن قۇچاقلىشىپ دىدارلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ قولىغا گۈللەرنى تۇتقۇزدى ...

ئارام ئېلىشتىن كېيىن كونسېرتنىڭ يېرىمى باشلاندى. مىجىت يونۇس ئاكىمىز يالغۇز تەمبۇر بىلەن ئۇششاق مۇقامىدىن ساز ئورۇنلىغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئوسمان ئاكىمىز غېجەك بىلەن مۇشاۋرەك مۇقامىدىن بىر پارچە، ئاندىن ساتار بىلەن چارگاھ مۇقامىدىن بىر پارچە سازلار ئورۇنلىدى. ئەمدىكى نۆۋەت سەنۇبەرنىڭ ئىدى ....



"ئاق بوز ئاتىم، ئاق بوز ئاتىم،
يالىڭنى ئۆزات.
بۇگۈن كېچە يار قاشىگە،
يەتكۈزگىن، تىزىراق.

بۇگۈن كېچە يار قاشىگە
يەتكۈزسەڭ، بوز ئات.
باشىڭدىكى يۈگىنىڭدىن
قىلۇرمەن ئازاد.

ئاق بوز ئاتنى باغدا دېسەم
يۇرۇپتۇ سايدا.
ئايرىلماسقا ۋەدىلەشكەن
قايسىمىز قايدا..... "

تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆنسېرت نەق مەيدان سىن فىلىمىنى كۆرەلەيسىز:

http://youtu.be/CKkGHlfZLyo

http://v.youku.com/v_show/id_XNzI4ODk0NDI0.html

كەيپىياتلا يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىمەكتە.... ھەر بىر ناخشا تۈگىگەندە تاماشىبىنلارنىڭ چاۋاكلىرى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا توختىماي چېلىنماقتا. سەنۇبەر تاكى كونسېرت ئاياغلاشقىچە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئىلى ئۇسلۇبى بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ "يارۇ"، "دەردىڭ يامان"، "مۇدەنخان"، "ئاق بېلىق"، "تالى دەيدۇ"، "مەن كېتەر بولدۇم" قاتارلىق ناخشىلارنى ئورۇندىدى. سەنۇبەر ناخشىلارنى بەزىدە ئۆزى يالغۇز دۇتار چېلىپ ئېيتسا بەزىدە تەمبۇر، غىجەكنىڭ تەڭكىشىدە ئېيتتى .....

شۇ تەرىقىدە كونسېرت ئىككى سائەتكە يېقىن داۋام قىلغاندىن كېيىن، بىر ناخشا تۈگەپ چاۋاكلار چېلىنىپ تۇرۇۋشىغا تۇيۇقسىزلا سەھنىدە سەنۇبەر قاتارلىق مۇزىكانتلارغا دوكتور رەيچېل ھاررىس قولىدا دۇتار تۇتقان ھالدا بىر قانچە مۇزىكانت ۋە ناخشىچىلار بىلەن بىللە قوشۇلدى. ئۇلار لوندوندا 10 يىلنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇر كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ئەزىز ئەيسا ئەپەندىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىمنىڭ كەسپىي يېتەكلىشىدە قۇرۇلغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئاكتىپ شەكىلدە ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئەنگلىيەدە ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى تونۇشلۇق بولۇپ قالغان لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى نىڭ ئەزالىرى ئىدى. مۇزىكانتلار ئۇيغۇرنىڭ مەشھۇر ئۇسسۇللۇق ناخشىسى "ئاتۇش" پەدىسىنى باشلىۋەتتى .






لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ (http://uyghurensemble.co.uk/uy http://uyghurensemble.co.uk) ناخشىچىسى رەھىمە سەنۇبەرگە جور بولۇپ ئاتۇش پەدىسىنىڭ ناخشىلىرىنى ياڭراتماقتا...سەھنىگە بىردىن، ئىككىدىن بولۇپ بېشىغا ئۇيغۇر دوپپىسى كىيگەن ئۇيغۇرلار تاماشىبىنلار ئارىسىدىن سەھنىگە چىتى - دە ئاتۇش پەدىسىگە ئۇسسۇل ئويناپ پىرقىراشقا باشلىدى. تاماشىبىنلارنىڭ ئىسقىرتىش- ھۇقۇيتىشلىرى بىلەن بىرگە ئاتۇش ئۇسسۇلىنىڭ رىتىمىغا تەڭكەش قىلىنىپ ئۇرۇلۇۋاتقان چاۋاكلار تىياتىرخانىنى تىترەتمەكتە.... شۇنداق يۇقىرى كەيپىياتلار بىلەن سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ بۈگۈنكى لوندون كونسېرتى توختاۋسىز

چاۋاكلار، ئالقىشلار سادالىرى ئىچىدە بىز كۈتكەندىنمۇ يۇقىرى نەتىجىلەر بىلەن يەرلىك ۋاقىت سائەت 21 دە ئاياغلاشتى .

تۆۋەندىكى ئۇلىنىشلاردىن كونسېرت نەق مەيدان سىن فىلىمىنى كۆرەلەيسىز:

http://youtu.be/hhU70wZp-vg

http://v.youku.com/v_show/id_XNzI4ODc2NDg4.html




Lift M
Chinese
Studies
ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن فوتوسى
Aziz Isa Photo©

# قىتئەلەر ئارا قاناتلانغان كۈي

## سەنۇبەر تۇرسۇن (3)

ئەزىز ئىيسا ئەلكۈن



# شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر مۇزىكىسىدىن دەرس

بۈگۈن 13- ماي كۈنى. ماي ئايلىرى لوندوننىڭ ئەڭ گۈزەل پەسىللىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ يەر شەھەر مەركىزى بولۇشىغا قارىماي ھەممە يەرنى ياپ - يېشىللىق قاپلىغان، ئەسىرلەر ئىلگىرى ئات ھارۋىسى ئۆتۈشۈن ياسىغان تار كوچىلار بىلەن ئايال پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئۆتۈشۈن ياسالغان كەڭرى داغدام يوللار ئۆز-ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. ئۆزگىچە ياۋروپا ئۇسلۇبىنىڭ كلاسسىك بىنالىرى بىلەن بۈگۈنكى زامانىۋى كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان ئەينەكلىك بىنالار ناھايىتى ئاسانلا بۇ شەھەرنىڭ تارىخىنى ئېسىڭىزگە سېلىپ تۇرىدۇ. يول ياقىلىرىدىكى بۈك - باراقسان دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان قۇشلارنىڭ ۋىتىلداپ سايراشلىرى بۇ شەھەرنىڭ سەھەردىكى مىنۇتلىرىنىڭىزدا سىزگە ئۆزگىچە راھەت تۇيغۇسىنى بېغىشلايتتى. لوندون بىر خەلقئارالىق شەھەر، ئەمما لوندوندىكى شەھەر مەركەزلىرىنىڭ ئەڭ مەركىزى ۋە ئاۋات يەرلىرىدىن ئورۇن ئالغان، بىر-بىرلىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن ھەيد باغچىسى(Hyde park) ، ساينت جەمىس باغچىسى (St James Park)، رېجېنت باغچىسى (Regent Park) قاتارلىق چارباغلارغا كىرسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ شەھەردە ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىسىز. بۇمۇ لوندوننىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى بولۇپ، دۇنيانىڭ باشقا ھەرقانداق بىر يېرىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش چوڭ شەھەرلىرىدىن بۇ ئەۋزەللىكلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەردە سىز تەلەيلىك بولسىڭىز سەھەرلەردە بۇ گۈزەل باغچىلارنى بىر مەھەل كەزگەچ ئىشىڭىزغا ماڭسىڭىز، پۈتۈن بىر كۈنىڭىز باشقىچە بىر روھلۇق كەيپىيات بىلەن داۋام قىلىدۇ.

سەنۇبەر تۇرسۇن قاتارلىق سەنئەتكارلىرىمىز مېھمانخانا رېستورانىدا ناشتىلىق قىلغاندىن كېيىن پىيادە مېھمانخانىدىن ئايرىلىپ، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنى نىشانلاپ قىزغىن پاراڭلار بىلەن بۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان رەسسېل باغچىسىغا كەلدى. بۈگۈن ئۇلار تولىمۇ تەلەيلىك چۈنكى بۈگۈن

لوندوندا يامغۇر ياغمىدى-دە! ھاۋا بۇلۇتلۇق ياكى شامالىلىقمۇ ئەمەس، قۇياش ئىللىق نۇرلىرىنى سەھەردىلا سېخىيلىق بىلەن تۆكمەكتە. بۇ باغچىنىڭ كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، رەتلىك تىكىلگەن، ھازىر غۇلاچقا يەتكۈسىز چوڭقايغان ئوك دەرەخلىرى پۈتۈن باغچىنى باراقسان ئورمانلىققا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى. باغچە ئوتتۇرىسىغا فونتان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئارامبەخش يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلار قويۇلغان. باغچىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدە بىر ئاۋات قەھۋەخانا جايلاشقان. باغچىنىڭ جەنۇبى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن، شەرقى بىرىتانىيە مۇزېيى بىلەن تۇتۇشاتتى. باغچىنى شوخلۇقىدىن سەكرىشىپ بىر-بىرلىرىنى قوغلىشىپ يۈرگەن تىيىنلار، فونتانىنىڭ ئەتراپىدا سۇ ئىچىۋاتقان شەھەر كەپتەرلىرى، باراقسان دەرەخلەر ئارىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان سەھەر بۇلبۇللىرىنىڭ سايرىغان ئاۋازلىرى سىزگە غۇلجانىڭ تۇرپانيۈزىدىكى باراقسان ئالمىلىق باغلارنى ياكى كەڭ ساينىڭ تەبىئىي ئورمانلىق مەنزىرىلىرىنى ئەسلىتەتتى ...

تۈنۈگۈن سەنۇبەر ئۈچۈن ناھايىتىمۇ مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولدى. چۈنكى تۈنۈگۈنكى كونسېرت سەنۇبەرنىڭ ياۋروپاغا كېلىپ تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىشى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمۈت نۇرلىرى چاقناپتتى. دېمىسىمۇ بۇ پۇرسەتلەر سەنۇبەرگە ئاسانلىقچە قولغا كەلمىگەن ئىدى. ئۇ مانا ھازىر ئارماندا كەتكەن رەھمەتلىك ئاكىسى ۋە ئۇستازى نۇرمۇھەممەت تۇرسۇننىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمدى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتاتتى ....

خەلقىمىز تەرىپىدىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان "تەمبۇر شاھى" دەپ نام بېرىلگەن مەرھۇم تەمبۇر ئۇستازى، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ناخشا-ئۇسۇل ئۆمىكىنىڭ ئاتاقلىق سەنئەتكارى مەرھۇم نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن 11- سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بېرىپ دەل بىر يىلدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا 26- ئىيۇندىن 7- ئىيۇلغىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان 2002- يىللىق "سمىتسونىئان خەلق مۇزىكا فېستىۋالى" (Smithsonian Folklife Festival) نىڭ تارمىقىدىكى "يىپەك يولى: مەدەنىيەتلەرنى بىر-بىرگە ئۇلاش، كەلگۈسىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش" ( *The Silk*

(Road: Connecting Cultures, Creating Trust) ناملىق سەنئەت كۆركىگە ئۇيغۇرلار ۋاكالىتەن تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بېيجىڭ ئايرودرومىدا چېگرادىن ئۆتكۈزۈلمەي بۇ فېستىۋالغا قاتنىشالمىغان ئىدى. بۇ ئوڭۇشسىزلىق يۈز بېرىپ ئارىدىن ئىككى يىلدىن كېيىن يەنى 2004- يىلى 19- دېكابىر بۇ ئەل سۆيگەن سەنئەتكارمىز بەختكە قارشى ئۆرۈمچىدە ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى خەلقىگە، جۈملىدىن سىڭلىسى سەنۇبەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەرھۇم تۇرسۇن نۇرمۇھەممەت سەنئەتكارلار ئائىلىسىدىكى بارلىق قېرىنداشلىرىغا قالدۇرۇپ، بۇ ۋاپاسى كەم دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز ۋىدالاشقان ئىدى. (ئاللاھ مەرھۇمنىڭ ئۇ دۇنيالىقىنى جەننەت قىلسۇن!)

سەنۇبەر تۈنۈگۈن شۇنداق ئالدىراش كونسېرتقا تەييارلىق قىلدى. كونسېرتتا سائەتلەپ مۇقام ئېيتتى...ناخشا ئېيتتى...دۇتار چالدى، ئەمما ئۇ بۈگۈن ھارغىن كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ كەيپىياتى شۇنداق روھلۇق، چىرايىدىن تەبەسسۇم ۋە تەمكىنلىك نامايان بولۇپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ كەلگۈسىگە ئىشىنىدۇ. كەلگۈسىنىڭ بۈگۈنكىدىنمۇ پارلاق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ! سەنۇبەر مىجىت ئاكىغا ياندىشىپ كېتىۋېتىپ دەل بېشى ئۈستىدىكى بىر دەرەخ شېخىدا مۈگدىنىپ سايراۋاتقان بىر قۇشنى كۆرسىتىپ سورىدى "مىجىت ئاكا، نېمىشقا بۇ قۇش قايەردە ياشىمىسۇن بىر خىل ئاھاڭدا سايرايدىغاندۇ؟ مەن ئۆتكەن يىلى تۈركىيەنىڭ كونيادىمۇ مۇشۇ قۇشقا ئوخشاش بىر قۇشنىڭ  سايراۋاتقىنىنى كۆرگەن ئىدىم. بۈگۈن لوندوندىمۇ بۇ قۇشقاچ ئوخشاش بىر ئاھاڭدا سايرىدى. بىزنىڭ غۇلجىدىمۇ بۇ قۇشلار مۇشۇنداق سايرايدۇ... بىلمىدىم، مەنلا شۇنداق ھېس قىلىۋاتىمەنمۇ؟"  كۈلكە چىراي مىجىت ئاكا جاۋابەن مۇنداق دېدى "بۇ بۇلبۇلكەن. ئۆزى قۇشقاچقا بەك ئوخشايدۇ، ئەمما سايراشقا يامان... شۇڭا بۇلبۇل دەيمىز- دە ئۇنى! بۇلبۇل تاغدا بولامدۇ، باغدا بولامدۇ، ئوخشاش بىر ئاھاڭدا سايرايدۇ. خۇددى سىز ئۆتكەن يىل 'ئاق بوز ئات' نى ئاقساقمارال بازىرىدا ئېيتىپ، تۈنۈگۈن كەچ لوندوندىمۇ ئەينەن شۇ ناخشىنى ئېيتقىنىڭىزغا ئوخشاش...". ئابدۇكېرىم ئاكا كۈلكىسى بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ قىزىق پاراڭلىرىغا ئاۋاز قوشتى "مىجىت مۇئەللىم، سىز گەپنى ئايلاندۇرغىچە سەنۇبەر، سىز

بۇلبۇل، ئەشۇ قۇشقاچقا ئوخشايدىغان دەپ ئوچۇقلا ماختاۋەرمەمسىز ھە؟!... “ دېدى چاقچاق قىلىپ. ئۇلار ھەممىسى كۈلۈشتى. شۇ تەرىقىدە ئۇلار قەدەملىرىنى ئاستا ئېلىپ، سەھەرنىڭ بۇ باغچىدىكى گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلانغاچ ماڭدى. ئۇلار بۈگۈن ئەتىگەن سائەت 10 دا دوكتور رەيچېل ھاررىس بىلەن شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ قويغان ئىدى .

بۇ قېتىمقى سەنۇبەر تۇرسۇن 2014- يىللىق ياۋروپا سەنئەت سەپىرىنىڭ تۈنجى بېكىتى لوندون بولۇپ، 11- مايدىن 15- مايغىچە ئۇلار لوندوندا تۇرۇپ، 12- ماي شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا بىر مەيدان ئاممۋى كونسېرت بەرگەندىن كېيىن 13 ۋە 14- ماي كۈنلىرى مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ مۇزىكا فاكۇلتېتىدا ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىسىدىن ئەمەلىي مىساللار بىلەن دەرسى بېرىشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى .

ئۇيغۇر ناخشا- مۇزىكىسىدىن دەرس بېرىش دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلاردا بولدى. شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ L67- نومۇرلۇق مۇزىكا مەشق سىنىپىدا ئابدۇكېرىم ئوسمان ئاكىمىز سائەت 11 دىن 12 گىچە بىر سائەت مۇزىكا فاكۇلتېتىدىكى 10 نەچچە نەپەر تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر غېجىكىنى قانداق چېلىش ماھارەتلىرىنى ئۆگەتتى.

شۇ كۈنى يەنە سائەت 12 دىن 13 كە قەدەر سەنۇبەر تۇرسۇن خانىم "ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ناخشا ئېيتىش ئاۋاز ئۇسۇلۇبى" بويىچە ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى قانداق ئېيتىشنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەتتى. شۇ كۈنى كەچتە تەلەپ ۋە تەقدىملەر بويىچە مېھمانلارغا ئۆيۈمدە زىياپەت بېرىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولدۇم .



ئىككىنچى كۈنىمۇ يەنى 14- ماي ئۇيغۇر ناخشا- مۇزىكىلىرىدىن دەرس بېرىش ئوخشاش ئورۇندا سائەت 11 دىن 13 كىچە داۋام قىلدى. بۈگۈنكى دەرس مەشىقى بولسا ئوتتۇرا ئاسىيا داپلىرىنى چېلىش ماھارىتىنى ئۆگىتىش ئىدى. مەشىقكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن لۇنا ئىسىملىك بىر قىز ئوقۇغۇچى بۇرۇن ئىران دېپىنى چېلىشنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ئىككى سائەت مەشىقتىن كېيىن ئۇيغۇر دېپىنى بىمالال ئۇيغۇر مۇزىكانتلارغا ئەگىشىپ چېلىپ ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىپ، ھەممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئەلۋەتتە مىننەتدارلىق بىلەن شۇنى ئېيتىمىزكى بۇ ئىككى كۈن داۋام قىلغان ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى ئۆگىنىش مەشىقلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىمنىڭ يېتەكلىشى، رەھىمە مەخمۇت خانىمنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكانتلارغا تەرجىمانلىق قىلىشلىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى .


ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن فوتوسى
Aziz Isa Phot©


jula: 4/4 DTT DTT DD TTT
D.KTK DTT DTDD T.KTT
4/6 DOK QK D DK
DOK OK DD K
5/8 D KK DK D.KTK DK
ئەزىز ئىسا ئەلكۈن فوتوسى
Aziz Isa Photo©


Baghwen
ئەزىز ئىسا ئەلكۈن فوتوسى
Aziz Isa Photo©




تۆۋەندىكى ئۇلىنىشلاردىن سىن فىلىمىنى كۆرەلەيسىز:

http://youtu.be/GGJr0gwDvv4

http://v.youku.com/v_show/id_XNzI4OTA3Nzky.html




شۇنداق قىلىپ تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىدىن ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرىش جۇشقۇن كەيپىياتلار ئىچىدە ئۆتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي پراكتىكا مىسالىلار ئارقىلىق ئۇيغۇر چالغۇلىرى ۋە ناخشىلىرىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، كۈتۈلگەن مەقسەتلەر تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى .

# لوندونغا ساياھەت

سەنۇبەر تۇرسۇن ياۋروپا سەنئەت سەپىرىنىڭ لوندون قىسمىدىكى پائالىيەتلەر 14- ماي سائەت 13 دە باغلاشقاندىن كېيىن، كېيىنكى بىكەت 15- ماي چۈشتىن كېيىن پارىژغا سەپەر قىلىش ئىدى. دېمەك بوگۈن چۈشتىن كېيىن ۋە ئەتە چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلار ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىمىز ئۈچۈن لوندوندا قىلىدىغان مۇھىم بىر ئىشقا ئىمكان يارىتىلدى، ئۇ بولسىمۇ لوندوننى ساياھەت قىلىش ئىدى.

بۇ قېتىملىق ساياھەت پۈرستى يەنە لوندوندا ياشايدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشىنىڭ ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. مەن شۇ كۈنى سائەت 13 كە ئۆلگۈرۈپ سەنئەتكارلىرىمىز بىلەن مەشىق سىنىپىدا كۆرۈشتۈم ۋە دوستىمىز قېيۇمنىڭ تەكلىپى بىلەن مېھمانلارنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئۇ يەردە مېزىلىك ئۇيغۇر تائاملىرى بىلەن غىزالاندۇق. چۈشتىن كېيىن 3-4 لەر بىلەن دوستىمىز نېغمەتنىڭ 8 ئورۇندۇقلۇق ئاپتوموبىلى بىلەن يولغا چىقىپ، مېھمانلارغا لوندوننى ساياھەت قىلدۇرۇشنى باشلىۋەتتۇق. بىز دەسلەپتە ئايال پادىشاھ ئېلىزابېت 2 نىڭ پادىشاھلىق ئوردىسى- باكىڭھامنى (Buckingham Palace) زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇدۇل لوندون شەھىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تايمس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى باتتېرسى كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، ۋېستمىنىستىر كۆۋرۈكى، ۋېستمىنىستىر پارلامېنت بىناسى، لوندوننىڭ كۆزى قاتارلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى بىر مەھەل ئايلاندۇق. خاتىرە ئۈچۈن رەسىملەرگە چۈشتۇق. كېيىن لوندون شەھەر مەركىزىنى، لوندون پۇل-مۇئامىلە مەركەزلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ ئولىمپىك شەھەرچىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئارقىمىزغا قايتىپ بىلەكۋول تونىلى (Blackwall Tunnel) ئارقىلىق تايمس دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈپ گرېنىۋىچ (Greenwich) باغچىسىغا جايلاشقان دۇنيا ۋاقتىنىڭ باشلىنىش نۆل نۇقتىسى

لوندون گىرىنىۋىچ ۋاقىت مۇنارىنى - (London Greenwich Mean Time) زىيارەت قىلدۇق .




ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن فوتوسى
Aziz Isa Photo©


ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن فوتوسى
Aziz Isa Photo©


ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن فوتوسى
Aziz Isa Photo©


ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن فوتوسى
Aziz Isa Photo©




بىز لوندون شەھەر مەركىزىنى مەركەز قىلغان ھالدا لوندوننىڭ جەنۇب، شەرقىي شىمالى ۋە شەرقى بۆلەكلىرىنى ئايلىنىپ، كەچ سائەت 9 لاردا قېيۇمنىڭ ئۆيىگە ئالدىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان كەچلىك ئولتۇرۇشىمىزغا يۈرۈپ كەتتۇق.

# Eurostar بىلەن پارىژغا سەپەر

ئالدىدىن كېلىشلىگەن ئورۇنلاشتۇرۇشلار بويىچە مەن بۇگۈن يەنى 15- ماي كۈنى لوندون ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تە مېھمانلارنى ئالغىلى Badford مېھمانخانىسىغا كەلدىم. مەن بۇ قېتىم رەيچېل (ئۇيغۇرچە ئىسمى: راھىلە) بىلەن بىللە سەنۇبەر تۇرسۇن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىمىزنى ئېلىپ پارىژغا بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ياردەمدە بولۇش پۇرسىتىگە مۇشەررەپ بولغانلىقىمدىن ئەلۋەتتە خۇشال ئىدىم. لوندون بىلەن پارىژنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، بولۇپمۇ Eurostar - ياۋروپا يۇلدۇزى پويىزى ئارقىلىق لوندوندىن 2 يېرىم سائەتتە پارىژغا بارغىلى بولسىمۇ ھايات ۋە خىزمەت ئالدىراشچىلىقلىرى بىلەن پارىژغا بارمىغىنىمغىمۇ 5 يىلدىن ئارتۇق بولۇپ قاپتۇ. تەبىئىيكى مۇنداق كەمدىن كەم كېلىدىغان مۇھاجىرەتتىكى ھاياتتا بىر كۈن بولسىمۇ ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىمىز بىلەن بىرگە بولۇش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ۋەتەندىن يىراقتىكى ئەللەردە ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە تەشنا بولۇپ چاڭقىغان، مۇساپىرلىق ھاياتتا غېرىبسىنغان، مۇڭلانغان يۈرەكلەر ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز تەسەللىلەر بېغىشلايدۇ، ئەلۋەتتە !

مەن مېھمانخانا كۈتۈۋېلىش زالىدا يۈك-تاقلىرىنى ھازىر قىلىپ تۇرغان مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، مۇلازىمەتچى خادىم ئارقىلىق بىر تاكسى چاقىرتتىم. لوندوننىڭ كلاسسىك قارا رەڭلىك بىر تاكسىسى ئانچە ھايال بولمايلا بىزنى ئالغىلى كەلدىم. بىز تاكسى بىلەن 15 مىنۇتلارچە يول يۈرگەندىن كېيىن لوندون King's Cross St. Pancras خەلقئارا پويىز ئىستانسىسىغا كەلدۇق. بىز بۇ يەردىن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت 5:30 ئۆتكەندە ماڭىدىغان يېۋروستار پويىزىغا ئولتۇرۇپ پارىژغا بارىمىز. بىز ۋوگزال ئىچىگە كىرىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي رەيچېل بىلەن ئۇچراشتۇق ۋە يۈك -تاقلىرىمىزنى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، پويىزىغا چىقىپ ئۆز ئورۇنلىرىمىزنى تېپىپ ئولتۇردۇق.

Eurostar (ياۋروپا يۇلتۇزى) بۈيۈك بىرىتانىيە بىلەن فىرانسىيەنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئېنگىلىس دېڭىز قانىلىنىڭ ئاستىدىكى ياۋروپا تونىلىدا قاتنايدىغان پويىز لىنىيىسىنىڭ نامىدۇر. تارىختا بۈيۈك بىرىتانىيە ۋە فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدا 100 يىللارچە ئۇزۇنغا سوزۇلغان نۇرغۇن قېتىملىق ئۇرۇشلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى دۆلەت مەدەنىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردىن بىر - بىرلىرىدىن ئاسانلىقچە ئايرىلالمايدىغان، بىر-بىرلىرىگە ئامراق قىيامەتلىك دوست ھەم رەقىبلەردۇر. بۇ ئىككى دۆلەت 1974-يىلىدىن باشلاپ نۇرغۇن قېتىم ئېنگىلىس قانىلى بوغۇزىدا يەر ئاستى تونىلى قېزىش توغرىسىدا كېڭەشكەن بولسىمۇ، ئەمما دېڭىز ئاستىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، يەر شەكلىنىڭ مۇرەككەپلىكى، سەرپ قىلىنىدىغان غايەت زور مەبلەغ ۋە تېخنىكىلىق ئىمكانىيەتلەرنىڭ يېتەرسىزلىكى قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشماي كەلگەن. ئىلغار قۇرۇلۇش تېخنىكا ۋە ماشىنىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ 1986- يىلىغا كەلگەندە بۇ ئىككى دۆلەت ئاخىرى دېڭىز ئاستى تۆمۈر يولى ئارقىلىق بىر-بىرلىرىنى تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى- ياۋروپا تونىلىنى قېزىش ئىشىنى ئورتاق باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ مۇرەككەپ ۋە تېخنىكىلىق قىيىنلىقى يۇقىرى ھېسابلىنىدىغان بۇ قۇرۇلۇش ئىنشائاتى 1993- يىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىپ، 1994- يىلى رەسمىي يولۇچىلار توشۇشقا كىرىشىدۇ. بۈيۈك بىرىتانىيە ئېنگىلىس قانىلى دېڭىز بوغۇزى ئارقىلىق شەرقتە قوشنىسى فىرانسىيەدىن 35km ئارىلىق دېڭىز ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ ئەمما بۇ ئارىلىقتا يېۋروستار پويىز لىنىيىسى ياۋروپا تونىلى دېڭىز ئاستى قوش لىنىيەلىك تومۇر يولى ئارقىلىق ئەڭ يۇقىرى سائەتلىك تېزلىك 300km سۈرەت بىلەن قاتناپ، لوندون بىلەن پارىژ ئارىلىقىدىكى يولۇچىلارنى 2 سائەت 15 مىنۇتتا مەنزىلىگە يەتكۈزەلەيدۇ.

مەن پويىز قوزغىلىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن مىجىت ئاكىغا: مىجىت ئاكا دىققەت قىلىپ ئولتۇرۇڭ، بىز يەنە 10 مىنۇتتىن كېيىن دېڭىز ئاستىغا كىرىمىز. پويىز

دېرىزىسىدىن دېڭىزدىكى كېمە، بېلىق قاتارلىق دېڭىز جانلىقلىرىنى كۆرىمىز.... دېدىم.

پويىز دېڭىز ئاستىدىن ئۆتۈپ، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا چىقىپ بولغان ئىدى. پويىز دېرىزىلىرىدە يېشىللىققا تولغان دالالار، سالالاشقان تېرىلغۇ ئېتىزلار، قوي - كالىلار خۇددى يەردىن ئاسمانغا ئۇچۇۋاتقاندەك كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تېزلا غايىب بولاتتى. ياۋروپا گۈزەللىكىنىڭ يېرىمى شەھەردە بولسا قالغان يېرىمى ئەلۋەتتە يېزىلاردا. گاھىلاردا ئورمان بىلەن قاپلانغان ئېدىرلىقلار كۆرۈنسە، گاھىدا ئاققۇلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان كۆپكۆك ئاسمان بىلەن رەڭ تالىشىپ ياتقان كۆللەر كۆرۈنەتتى. بۇ زېمىندا ئالىقاندەك گىياھسىز تۇپراق تاپماق تولىمۇ مۈشكۈل ئىش ئىدى .

تۇيۇقسىز مىجىت ئاكىنىڭ مېنى نوقۇپ قىلغان گېپى دىققىتىمنى بۇزۇۋەتتى. "ئەزىزجان ئۇكام، سىز بىر سائەت ئىلگىرى 10 مىنۇتتىن كېيىن دېڭىزدا كېمە، بېلىقلارنى كۆرىمىز دېگەنتىڭىز، قېنى بىز ئۇنداق نەرسىلەرنى كۆرمىدۇقمۇ؟". مەن جاۋابەن: بىزنىڭ ئۆي تارىم دەرياسىغا يېقىن يەردە ئىدى. چوڭ دادام تارىم جاڭگاللىقىدا ئوۋچىلىق قىلىشقا ئامراقتى. ئۇ ئوۋنى بەزىدە بۆركۈتى بىلەن، بەزىدە ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئوۋلايتتى. بىر يىلى قىشتا تەتىلدە مەن چوڭ دادام ۋە ئۇنىڭ بىر ئاغىنىسىگە بىللە ئوۋچىلىققا بارىمەن دەپ ئەگىشىپ تۇرۇۋالدىم. چوڭ دادام ئاخىرى ماڭا مۇنداق دېدى: بولىدۇ ئوغلۇم، سېنى بۈگۈن ئوۋچىلىققا ئاپارساممۇ ئاپىراي، ئەمما بىز بۈگۈن دەريادىن مۇز دەسسەپ ئۆتكەندە مەن نېمە دېسەم سەن شۇنى قىلىشىڭ شەرت، كېلىشتۇقمۇ؟، مەن ماقۇل دەپ ۋەدە بەردىم. بىز دەرياغا يېقىنلاشقاندا چوڭ دادام ئاغىنىسىگە كۈلۈمسىرەپ بىر قاراپ قويۇپ ماڭا : بۇ دەريادىن بۇرۇن ئۆتۈپ باقمىغان ئادەم تۇنجى قېتىم ئۆتكەندە تاكى دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا چىققۇچە ئېغىزىدا توغراق قوۋزىقى چىشلەپ ئۆتىشى كېرەك، بولمىسا دەريانىڭ مۇزى شۇ ئادەمنىڭ ئايىغى ئاستىدىن يېرىلىپ كېتىدۇ - دە سۇغا غەرق بولىدۇ...دېدى. مەن چوڭ دادامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ سەل قورقتۇم.

شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي چوڭ دادامنىڭ گېپى بويىچە بىر پارچە توغراق قوۋزىقىنى تېپىپ كېلىپ چىلىق چىشلىدىم - دە چوڭ دادامنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ دەريادىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ كەتتىم."

مېنىڭ بۇ ھېكايەمنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشتى. مىجىت ئاكا "باركاللا ئەزىزجان، سىزگە رەھمەت دېسەم بولغۇدەك، سىز ماڭا ھېلىمۇ قوۋزاق چىشلىتىپ قويماپسىزا! دىدى. مەن جاۋابەن مۇنداق دىدىم " ئەمما مەن سىزنىڭ پويىزغا بىلىتىڭىزنى ئېغىزىڭىزدا چىشلەپ چىققىنىڭىزنى كۆردۈم..." شۇ تەرىقىدە مىجىت ئاكا بىلەن بىر مەھەل سۆز ئويۇنى ئويناپ چاقچاقلىشىپ يۈرۈپ پارىژ شىمالىي ۋوگزالىغا (Paris Gare du Nord) يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنىمۇ سەزمەي قاپتۇق.

پارىژ ۋاقتى كەچ سائەت توققۇز بولاي دېگەندە مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدۇق. بىز تۇردىغان مېھمانخانا پارىژ شەھىرىنىڭ ناھايىتى ئاۋات بۆلەكلىرىنىڭ بىرى بولغان مونتمارتره (Montmartre) دىكى رەيچېل كوچىسى (Av. Rachel) غا جايلاشقان بولۇپ، ياتىقىمىزنىڭ دېرىزىسىدىن 200 مېتىرلەرچە يىراقلىقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دۇنيادىكى رومانتىك ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سىمۋولى بولغان "Moulin Rouge" (قىزىل تۈگمەن - The red wind mill) كۆرۈنۈپ تۇراتتى .


La LOCOMOTIVE
MOULIN ROUGE
BAL
DU
LIN ROUGE
Féerie
LA REVUE DU MOULIN ROUGE
Féerie
LA LOCO

# پارىژدا ئۇيغۇر سەنئىتىدىن دەرس

بۈگۈن 16- ماي. بىز بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئىككى سائەت ئەتراپىدا شەھەرنى ئايلاندۇق ۋە چۈشكە ئۆلگۈرۈپ مېھمانخانىغا يېقىن بىر يەردىن بىر تۈرك رېستورانىنى تېپىپ تاماقلاندۇق. بۈگۈن سەنئەتكارلىرىمىز ئۈچۈن قىلىدىغان ئىككى ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. بىرىنچىسى: پارىژدىكى Théâtre de la Ville تىياتىرخانىسىغا چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە بېرىپ، ئاگاخان فوندىنىڭ سىن فىلىمى ئۈچۈن بىر سائەتلىك ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىسىنى ئورۇنداش. ئىككىنچىسى: چۈشتىن كېيىن سائەت 4 دە Théâtre de la Ville تىياتىرخانىسىنىڭ كونسېرت زالىدا ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىسىدىن ئەمەلىي مەشقلەر ئارقىلىق دەرس بېرىش ئىدى .

Théâtre de la Ville دىن ئەۋەتىلگەن ماشىنا بىزنى سائەت 1 يېرىمدا مېھمانخانىغا ئالغىلى كەلدى. بىر سائەتلىك سىن ئېلىش تاماملانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر مۇزىكا مەشقى بېكىتىلگەن ۋاقىتتا باشلاندى. بۇ پائالىيەتكە 100 ئەتراپىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە ناخشا ـ مۇزىكىسىغا قىزىقىدىغان تەتقىقاتچىلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقا ساھەلەردىكى فىرانسىيەلىكلەر كەلگەن ئىدى. يىغىنغا يەنە فىرانسىيەلىك ئاتاقلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكىشۇناسى، دوكتور جىئان دۇرىڭ ئەپەندىمۇ (Dr Jean During) كەلگەن ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە قۇرۇق قول كەلمىگەن بولۇپ، بۇ يىل يانۋاردا فىرانسىيەنىڭ "فىرانسىيە رادئوسى" (Radio France) ئۈن ـ سىن نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان "ئۇيغۇر مۇزىكىسى: ناۋا" ناملىق ئۇيغۇر مۇقام مۇزىكىسىنى تونۇشتۇرغان CD پلاستىنكىسىنى مېھمانلارغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئۆزى بىللە بىللە بىر قانچىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى .


ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن فوتوسى
Aziz Isa Phot©


ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن فوتوسى
Aziz Isa Photo©


ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن فوتوسى
Aziz Isa Photo©


ئەزىز ئىيسا ئەلكۈن فوتوسى
Aziz Isa Photo©

بۇگۈنكى بۇ پائالىيەتنىڭ باشلىنىشىدا دوكتور رەيچېل هاررىس خانىم باشلىنىش سۆزى قىلغاندىن كېيىن، پارىژدا دوكتورلۇق ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر قىزى مۇقەددەس مىجىت فىرانسۇزچە ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈردى، ئارقىدىنلا ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىسىدىن ئۆرنەكلەر كۆرسىتىلىشكە باشلىدى. ئاخىردا پائالىيەتكە قاتناشقان مېھمانلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىنى ۋە بېرىلگەن جاۋابلارنى مۇقەددەس تەرجىمە قىلدى... بۇ پائالىيەت قىزغىن كەيپىياتلار ئىچىدە بىر سائەت داۋام قىلدى. كەچتە بىر قىسىم پارىژدا ياشايدىغان ۋە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە پارىژدىكى تارىم رېستورانىغا يىغىلىپ، ئۇيغۇر تائاملىرى بىلەن تاماقلاندۇق. تۆۋەندىكى ئۇلىنىشلاردىن سىن فىلىمنى كۆرەلەيسىز:

http://youtu.be/FQo_IS9823A

http://v.youku.com/v_show/id_XNzI4ODc4NDg4.html

## پارىژدىكى سەنۇبەر تۇرسۇن كونسېرتى

“ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ئەڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغان مۇزىكىلارنى ئادەتتە تارىخى ۋە پۈتۈن ھايات كەچمىشىدە ئېغىر تالاپەتلەرگە، نامراتلىق، زوراۋانلىقلار، مۇستەملىكە قىلىنىش ھەتتا ئىرقىي قىرغىن قىلىنىشلارغا كۆپ ئۇچرىغان ئېزىلگەن خەلقلەر يارىتىدۇ، ئەمما بۇ خەلقلەر بۇگۈنكى دۇنيانىڭ ئاتالمىش سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەھنىسىدە “كۈچسىزلەر” دەپ قارىلىدۇ”

- مايكېل ك ھېندېرسئان *Michael K. Henderson* (ئامېرىكىلىق مۇزىكانت ۋە جەمئىيەتشۇناس)

بۈگۈن 17- ماي. سەنۇبەر تۇرسۇن ياۋروپا سەپىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم پائالىيەتلىرىدىن بىرى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن پارىژ ۋاقتى سائەت 17 دە Théâtre des Abbesses كەسپىي تىياتىرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سەنۇبەر تۇرسۇن كونسېرتى ئىدى. Théâtre des Abbesses تىياتىرخانىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرغۇچى خادىمنىڭ بىزگە ئېيتىشىچە، سەنۇبەر تۇرسۇن كونسېرتىنىڭ بېلىتى €19 دىن (160 يۈەن) ئالدىنئالا تورىدا سېتىلىپ تۈگەپ بولۇپتۇ .



ياۋروپا بويىچە فىرانسىيەدە ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئەڭ كوپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق ساندىكىلىرى پارىژدا ئوقۇيدۇ. تەخمىن قىلىنىشىچە، هازىر فىرانسىيەدە 1500 ئەتراپىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىكەن. بۈگۈنكى كونسېرتقا كېلىدىغان تاماشىبىنلارنىڭ كۆرۈنەرلىك سالمىقىنى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشكىل قىلىشىدا گەپ يوق، ئەلۋەتتە .

تىياتىرخانىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوسۇلۇبى ۋە سەھنە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كىشىگە كلاسسىك پارىس تىياتىرخانىلىرىنى ئەسلىتەتتى. تىياتىرخانا ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولغان ئىدى . سەھنىگە يارىشىملىق ئۇيغۇر چىمەن دوپپىسى ۋە كۆچلۈك سەھنە چىراغلىرىنىڭ نۇرىدا ئاجايىپ جۇلالىنىپ كۆز قاماشتۇرۇۋاتقان ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن ئۇيغۇر قىزى سەنۇبەر بىر قولىدا دۇتار تۇتقاچ، يەنە بىر قولىدا ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەرگەچ سەھنىگە چىقىپ كەلدى. ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان قارشى ئېلىش چاۋاكلىرىدىن كېيىن تىياتىرخانا ئىچى تىنچىدى . چەبىيات مۇقامى سەنۇبەرنىڭ زىل ئاۋازى بىلەن ياڭرىماقتا. تەمبۇر ۋە ساتارنىڭ تەڭكىشىدىن ئاڭلىنىۋاتقان مۇزىكا ئاۋازى تاماشىبىنلارنى مۇڭلاندۇرۇپ ئۆزىگە مەھلىيا قىلماقتا ...

فىرانسىيەلىكلەر ياۋروپادا ئۆزگىچە سەنئەت يارىتىشتا ماھىر ۋە سەنئەتنى سۆيىدىغان، چۈشىنىدىغان بىر خەلق، دەپ قارىلىدۇ. بۈگۈنكى كونسېرت كەسپى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقۇرۇشنىڭ قاتتىقلىقىدىنمۇ ۋەياكى بۈگۈن كونسېرتقا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى سەنئەت سۆيىدىغان ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ تىياتىرخانا ئىچىدە خۇددى ئادەم يوقتەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. لوندوندىكى كونسېرتقا ئوخشاش رەسىم ئاپپاراتلىرىنىڭ چاقنىغان نۇرلىرى ياكى يىغلاڭغۇ باللارنىڭ يىغلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلانمايتتى ...

كونسېرت پارىژ ۋاقتى سائەت 19 دا ناھايىتى زور ئۇتۇقلار بىلەن تەنتەنىلىك ئاياغلاشتى. بىز تىياتىرخانىدىن خېلى كېچىكىپ چىققان بولساقمۇ، تىياتىرخانىنىڭ

هويلىسىدا 50ـ40 ئەتراپىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. مەن بۇ قېرىنداشلىرىمىز بىلەن قىزغىن سالاملاشتىم.




پارىژغا لوندوندىن ئامېرىكىلىق ئىككى دوستىمىز فوتوگراف لىسا رواسس خانىم بىلەن مۇزىكانت  ئىئان پىرايسمۇ كەلگەن ئىدى. شۇ كۈنى كەچ بىز مېهمانخانىغا يېقىن بىر ھىندىستانلىقنىڭ ھالال رېستورانىدا تاماقلانغاچ، پاراڭلىشىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن مېهمانخانىغا قايتتۇق. بۈگۈن ئاخشام بىز ئۈچۈن پارىژنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاخشىمى ئىدى. بىز ئەتە ھەممىمىز ئايرىلىپ تەرەپ-تەرەپكە يول ئالىمىز. سەنۇبەر تۇرسۇن قاتارلىق ئۈچ سەنئەتكارىمىز رەيچېل ھارىرىسنىڭ ھەمرالىقىدا ياۋروپا

سەپىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى بولغان ئىتالىيەنىڭ سۇ ئۈستى شەھىرى ۋېنىسكە ئەتە ئەتىگەن سائەت 4 يېرىمدا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، 7 دە ئۇچىدىغان ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىمىز... مەن ئەتە كەچ تەرەپتە يەنە يوروستار پويىزى بىلەن لوندونغا قايتىمەن. بىز ياتاقتا قايتقاندىن كېيىن مېھمانلىرىمىز جىددىي ھالدا ئەتىكى سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى باشلىۋەتتى. مەن ئايرىلىشتىن ئاۋۋال سەنۇبەرنىڭ ئىتالىيە سەپىرىگە ئاق يول تىلەپ خوشلاشتىم، ئاندىن مىجىت يونۇس ۋە ئابدۇكېرىم ئوسمان ئاكىلار بىلەن ياخشى تىلەكلىرىمىزنى بىلدۈرۈشتۇق .



تەقدىر نېسىپ قىلغۇچە كېيىن قەيەردە، قاچان قايتا كۆرۈشىدىغىنىمىزنى بىلمەيمىز. مەن مۇشۇ مىنۇتلاردا بۇ ئەزىز سەنئەتكارلىرىمىز بىلەن بىللە ئۆتكەن بىر ھەپتىنىڭ قانچىلىك تېزلىك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئەگەر مېنىڭمۇ ھازىرلا ئىمكانىم بولغان بولسا بۇ سەنئەتكارلىرىمىز بىلەن بىللە ئۇچۇپ ئىتالىيەگە بېرىپ، ئاندىن شۇ ئەزىزانە ئۇلۇغ ۋەتىنىمگە بىللە قايتقان بولسام ھە.... ئۇ يەردە "ھەممە ئادەم ئۇيغۇر، ھەممە ئادەم خوشال-خورام"..... ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىزدا سىزنى ھەمىشە ئازاپلايدىغان، يۈرەكلىرىڭىزنى پارە- پارە قىلىپ تۇردىغان "ۋەتەن سېغىنىش كېسىلى" گە گىرىپتار بولغانلار ناھايىتى ئاز ياكى يوق دېيەرلىك، تېخى ئېنگىلىزچە ياكى فىرانسۇزچە تىللاردا سوزلەپ ئاۋارە بولۇپمۇ يۈرمەيسىز، ئۇيغۇرنىڭ ۋەتېنى دىگەندە "ھەممە ئادەم ئۇيغۇرچە سۆزلەيدۇ- دە..." مەنمۇ ئۆز خەلقىمنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئانا تىلىمدا سۆزلەپ ۋە ئىشلەپ، ۋەتىنىمنىڭ باغرىغا قېنىپ، قېنىپ مۇشۇ مەن كۈندە كۆردىغان كۆك كۆز، ئاق پىشماق ئېنگىلىز، فىرانسۇزلاردەك دۇنيادىن بىغەم ياشىمامدىم ھە؟! ئەگەر ماڭا ھاياتىمدا شۇنداق بەختلەر كەلگەن بولسا بولسام ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەملەر قاتارىدىن دەپ ھىساپلىغان بولاتتىم.... ئۆزى توغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت، ۋەتىنىدىن ئايرىلغانلارنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى كۈن، ئاي، يىللارنى قوغلىشىپ كۈچەيسە كۈچىيىدىكەن ھەرگىزمۇ ئاجىزلىمايدىكەن، بۇ ئوت ئۆچمەي ھەر كۈنى يالقۇنجاپ كۆيىدىكەن...

يەكۈن شۇكى يۈرەكتە تىنماي كۆيۈۋاتقان ۋەتەننى سېغىنىش ئوتىنىڭ ھارارىتىدىن مۇھاجىرەتتە تاپقان خۇشاللىق ۋە بەخت خۇددى بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ. مۇشۇ تاپتا ئىچكى ھېسسىياتىمنى ئەركىگە قويۇۋەتسەم يۈرىكىمدە 10 نەچچە يىللاردىن بۇيان يوشۇرۇن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان دەردلىرىمنى تۆكۈۋېتىدىغان ئوخشايمەن، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ھېسسىي ئەركىنلىكىمنى قەلبىمگە بۇرۇقتۇرما قىلىپ ياشاپتۇراي.... قېنى، ماڭا ئوخشاش مۇشۇنداق تەقدىرنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان "ۋەتەنسىز قۇشلار" نىڭ تەقدىرى ئاپتاپ چىققان بىر كۈنى يا چىقار بايدىن، يا چىقار سايرامدىن!..... شۇڭىمۇ بىزدىن بۇرۇنقىلار، ۋەتىنىدىن

ئايرىلىپ، ۋەتەنسىزلىكنىڭ ئاچچىق دەردىنى تېتىپ باققانلار ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلۇقى، بۈيۈكلۈكى توغرىسىدا تالاي-تالاي داستانلارنى يېزىپ بىزلەرگە دەستۇر قىلىپ قالدۇرغان ئىكەن ئەمەسمۇ؟!




بۈگۈن 18- ماي، يەكشەنبە. مېنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ كەچ سائەت 5 كىچە بوش ۋاقتىم بار ئىدى. شۇڭا پارىژدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىنىلىرىمىزنىڭ تەكلىپى بىلەن پارىژنىڭ سىرتىدىكى بىر گۈزەل كۆل بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان "ئۇيغۇر مەشرىپى" گە قاتناشتىم. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 نىڭ پويىزىدا لوندونغا قايتتىم.

مەن لوندونغا قايتىپ كېلىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن رەيچېلدىن سەنۇبەر تۇرسۇن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىتالىيەنىڭ ۋېنىس شەھىرىدىكى سەپىرىنىڭ ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بولغانلىقى، كونسېرتىنىڭمۇ لوندون ۋە پارىژ شەھەرلىرىدىكىگە ئوخشاش زور مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم .

سەنۇبەر تۇرسۇن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر سەنئەتكارلار 20 ـ ماي ئىتالىيەنىڭ ۋېنىس شەھىرىدىن يەرلىك ۋاقىت 19: 20 مىنۇت ئۆتكەندە TK1890 ـ قېتىملىق ئايروپىلاندا ئىستانبۇلغا ئۇچقان ۋە شۇ كېچە يەنى 21 ـ ماي كېچىدە 1:45 مىنۇت ئۆتكەندە CZ680 ـ قېتىملىق ئىستانبۇلدىن ئۈرۈمچىگە ئۇچقان ئايروپىلان بىلەن شۇ كۈنى يەرلىك ۋاقىت 12:45 دە ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا ساق ـ سالامەت يېتىپ بارغان .

## خاتىمە

"مۇزىكىسىز ھايات خاتادۇر"

(Friedrich Nietzsche 19 ـ ئەسىردە ياشىغان گېرمان پەيلاسوپى)

بىز ئۇيغۇرلار تارىختىن تارتىپ ئىلىم مەرىپەتكە ھەۋەس قىلىدىغان، ئەقىللىق، باتۇر خەلقمىز. بىز ياۋلارغا باش ئەگمىگەن، جەڭ مەيدانىدا قىلىچ، قالقان تۇتۇپ ئەل ـ ۋەتەننى قوغداپ، ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ دۆلەت باشقۇرغان، ئاسايىشلىق يىللاردا بولسا شۇ قىلىچ تۇتقان قوللارغا قەلەم، دۇتار،

ساتارلارنى ئېلىپ تۈرك ۋە دۇنيا ئىلىم، مەدەنىيەت ساھەسىگە ئۆچمەس مىراسلارنى قالدۇرغان خەلقمىز. خەلقىمىز نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان زوْرلۇر بولسا ئەلەم، زوْرلۇر بولسا قەلەم كۈرەشلىرىنى ئوز يولىدا ئېلىپ بېرىپ، ئۆز-ئۆزىنى سوراپ دۆلەت باشقۇرۇپ كەلگەن خەلقتۇر.

دىمەك، ئۇيغۇرلار ئىنسان ۋە دۇنيانى چۈشەنگەن، ئەقىل-ئىدىراكلىق، تارىخى بار بىر خەلقتۇر. خەلقىمىز ئۆتكەنكى ئۈچ ئەسىردىن بۇيان ئەشەددىي دىنىي مەزھەپچىلىك، نادانلىق، سۇپى-ئىشانلىق سەۋەبىدىن ئىچكى ۋە تاشقى زۇلۇم، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى، نامراتلىق، ئۆز-ئارا ئىتتىپاقسىزلىقلار تۈپەيلى دۆلەتچىلىك ۋە ئىلىم ساھەسىدە قاتتىق ئارقىغا چېكىنىپ، ئومۇمىي يۈزلۈك زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋر بولدى. ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابى باشلىنىپ يۇقىرى پەللىگە چىققان يىللاردا، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى ئاللىبۇرۇن چۆلدەرەپ قالغان يىپەك يولىدا بۇرۇقتۇرما ھايات پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ئىدى. ھەتتا بەزى كىشىلەر نورمال ئىنساندەك ياشاش ئىمكانىيەتلەردىنمۇ مەھرۇم قالغان ئىدى. گەرچە ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر جەددىچىلىك يەنى زامانىۋى مائارىپ ۋە مىللىي ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋجى ئېلىشىغا ئەگىشىپ مىللەتنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىدە دۇنيانى ۋە ئۆز كىملىكىنى چۈشىنىپ ياشاش ھەرىكەتلىرى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇر كىملىكى قايتىدىن سۈنئىي سەھنىلەشتۈرۈلۈپ "ئۇيغۇرلار ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر خەلق" دىگە نام-ئاتاققا قالدى. دۇنيا ۋە جۇڭگو جەمئىيىتى ئۆتكەنكى 30 نەچچە يىللاردىن بۇيان ئىقتىساد ۋە پەن تېخنىكىدا تىز تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بۇ ناخشا ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت تۈرلۈك - تۈمەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي كىرىزىسلار سەۋەبلىك تەرەققىياتلارنىڭ سۈرئىتىگە يېتەلمىدى- دە مول يەر ئاستى تەبىئىي بايلىقلارغا ئىگە رايۇندا تالايلىغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مەسىلىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى.... ئارىمىزدىكى "مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش" ئۇسۇلىنى ياخشى ئۆگەنگەن بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىز ئۇيغۇر خەلقى ۋە جەمئىيىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان دەۋرگە ماسلىشالماسلىقنى "ناخشا ئۇسسۇلغا ئامراق مىللەت"

بولغانلىقىمىزغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ بىر تۈۋرۈكى بولغان ئۇيغۇر سەنئىتىنى گۇناھكار سۈپىتىدە ئەيىبلەشكە باشلىدى. بۇ ھەقتە ئايىغى ئۈزۈلمەي ماقالىلار ۋە ئوبزورلار يېزىلىپ خەلقىمىزدە بىر مەھەل پىكىر قالايمىقانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

خوش، ئۇنداقتا ئاشۇ ئوبزورچىلىرىمىز ئېيتىۋاتقاندەك ئۇيغۇر سەنئىتى بولۇپمۇ ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا سەنئىتى راستىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىغا پۇتلا -كاشاڭ بولۇۋاتقان ئامىلمۇ؟ ياق، بۇ يەردە ئوچۇق قىلىپ ئېيتىش كېرەككى ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى بەختسىزلىكلىرىنى ناخشا-مۇزىكىدىن كۆرۈش مېنىڭچە ئاقىلانىلىك بولمايدۇ. بۇ يەردىكى ساقلانغان مەسىلە يەنىلا ئۆزىمىزنى ۋە ئۆزىمىز ياشاۋاتقان مۇھىتنى تولۇق چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان سۇبيېكتىپ چۈشەنچىدىكى خاتالىق مەسىلىسىدۇر .

بىر مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، سەنئەت، ناخشا-مۇزىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيىتى بىر ئەسىردە ياكى بىرقانچە ئەسىر ۋاقىتلار ئىچىدىلا بارلىققا كېلىپ ئومۇمىي خەلق ھاياتىدا قېلىپلاشقان شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. بەلكى ئۇزۇن مۇددەتلىك جەمئىيەت ۋە ئىرسىيەت قۇرۇلمىسى ئاساسىدا ئۆزى ياشىغان تەبىئەت مۇھىتىدىن ئۆگەنگەن بىلىملىرى بىلەن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ توپلىنىدۇ، بارلىققا كېلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى شۇ مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي كىملىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىق ھالدا ياشىشىنىڭ تۈپ كاپالىتىدۇر .

بۇ مەدەنىيەتلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر ناخشا مۇزىكىسى تەبىئىيكى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرىدۇر. جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە مىللەت ئىلمى بويىچە ئېيتقاندا، ئۆز تىلى ۋە مۇقىم ياشايدىغان زېمىنىغا ئىگە خەلقلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ناخشا -مۇزىكا شۇ مىللەتنىڭ كىملىكىگە، مىللىي تەرەققىياتلىرىغا، مائارىپىغا مەنىۋى ئىلھاملاندۇرۇش، روھلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ،

ھېچقاچان سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن ئەمەس . بۇ تۈردىكى مىساللار ناھايىتى كوپ. قىسقىسى ئىنسان ئەقلىي ۋە تەسۋىر ئىجادىيىتىنىڭ بىر جەۋھىرى بولغان ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا چېلىش، ئاڭلاش بىر ئادەمنىڭ ياكى بىر ئومۇمىي جەمئيەتنىڭ كىلەچەكىگە ۋە گۈللىنىشىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ .

غەرب دۇنياسىدىكى ھازىرقى زامان پەن-مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان مىللەت ۋە دۆلەت ئەللىرى ناخشا - مۇزىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت - سەنئەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ئەللەردە سەنئەتنىڭ جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ئىستېماللىدىكى ئورنى يۇقىرى بولىدۇ، سەنئەتكارلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ قەدىرلىنىدۇ. غەرب ئەللىرىدە ئەڭ ئىقتىدارلىق تالانت ئىگىلىرى سەنئەتكارلاردۇر، دېگەن قاراش ئومۇملاشقان. غەرپتە يۇقىرى تاپاۋەت قىلىدىغانلارمۇ تونۇلغان ناخشىچى، مۇزىكانت قاتارلىق سەنئەتكارلاردۇر. مەسلەن: بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئارالىق چولپانلاردىن مايكىل جاكسون (Michael Jackson)، خانىش گاگا (Lady Gaga)، مادوننا (Madonna) قاتارلىقلار مىسال كەلتۈرەلەيمىز. ئەرەب دۇنياسىدىن ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەرەب مىللەتچىلىكى ۋە مىللىي ئويغىنىش دەۋرىدە پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان مىسىرلىق ئايال چولپان، ئەرەبلەرنىڭ قەلبىدە ئەڭ يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگەن بولغان كلاسسىك ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ پېشۋاچىسى، ناخشىچىسى ئۇمم كۇلتھۇم خانىمنى (Umm Kulthum) مىسال قىلالايمىز .

سەنئەت ئالاھىدە بىر تۇغما ۋە ئىرسىيەت خاراكتېرلىك تالانت تەلەپ قىلىدىغان كەسىپ. بىر ئادەم تۆت كۈن ئۆگەنسە موزدۇز ياكى ئاشپەز بولالايدۇ، ئەمما ئۇ كىشىدە تۇغما ۋە ئىرسىيەتلىك تالانت، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بولمىسا مۇزىكانت ياكى ناخشىچى بولالمايدۇ. گىرېك پەيلاسوپى پلاتو ئېيتقاندەك "سەنئەتنىڭ جان تومۇرى بولغان مۇزىكا ئۇ ئىنسان ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ئاشكارا ھالدا ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى نامايەندىسىدۇر."

غەرب ئالىملىرى نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات ۋە تەجرىبىلەردىن كېيىن مۇزىكا ئادەم مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى ۋە شۇ ۋەجىدىن بىر قىسىم دوختۇرخانىلاردا بىمارلارنى مۇزىكا بىلەن داۋالاش كەسىپلىرىنى يولغا قويدى . دېمەك، سەنئەت ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەۋە تەپەككۇرلىرى بىلەن زىچ باغلانغان. جۈملىدىن ئەگەر سىز مۇزىكىنى چۈشەنسىڭىز، مۇزىكا ئاڭلاشنى بىلسىڭىز، ئۇ تەبىئىيكى سىزنىڭ دۇنيانى تەپەككۇر قىلىشىڭىزغا باغلاپ چۈشىنىشىڭىزگە ياردەمچى بولالايدۇ .

ئۇنداقتا ئەمدى گەپنى ئۆزىمىزدىن باشلايلى: ئۇيغۇرلار باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە مىللەتلەردەك تەرەققىياتقا موھتاج، ئىلىم پەن ئارقىلىق گۈللىنىش، ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش، ئۇيغۇر مىللىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھۆلىنى مۇستەھكەملەش ھەممىمىزنىڭ بۇ ئەسىردىكى ئالىي ئىنتىلىشىدۇر. ئەمما، بۇ ئىنتىلىش ھەرگىزمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتكە سەل قاراش بەدىلىگە ئەمەلگە ئاشماسلىقى كېرەك. شۇنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز زۆرۈركى غەربتىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئۆز تەرەققىياتىنى ئىككى چوڭ كۈچ بويىچە ئۆلچەيدۇ، ئۇنىڭ بىر قاتتىق كۈچ (پەن تېخنىكا ئاساسىدىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق يىرىك سانائەت تەرەققىيات كۈچى)، ئىككىنچىسى يۇمشاق كۈچ (بۇ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي كۈچ). ئەگەردە بىر دۆلەت پەن-تېخنىكا ۋە سانائەتتە پەۋقۇلئاددە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە تەرەققىي قىلمىسا، بۇنداق دۆلەت بۇرۇن ياراتقان تەرەققىياتلىرىنى تەدرىجىي ۋەيران قىلىدۇ. بۇنداق دۆلەت ئاخىر مەنىۋىيەت ۋە روھىيەت گادايلىقىغا پېتىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھە دېسىلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئۇيغۇر مۇقام، ناخشا-مۇزىكا سەنئىتىگە سەلبىي قاراش شاملى كۈچەيمەكتە. ئەگەر بۇ شامال بىتەرەپلىك ھالدا داۋاملىق كۈچەيسە، ئەسلىدىنلا ئاساسىي ئاجىز،

تەۋرىنىپ تۇرغان ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىگە ناھايىتى كوپ زىيانلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن .

ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن بىلىشىمچە تۈرلۈك ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى، ئۇيغۇر تور بەتلىرى، ئۇندىدار قاتارلىق تاراتقۇ ۋە مېدىيالاردا، جامائەت ئىجتىمائىي سورۇنلىرىدا بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ "نورۇز بايرىمى ھارام"، “ناخشا-مۇزىكا ھارام” دېگەندەك پەتىۋالارنى بېرىشى نەتىجىسىدە ۋەتىنىمىزنىڭ خوتەن، قەشقەر ۋە غۇلجىنىڭ بىر قىسىم يېزا-بازارلىرىدا "توي-توكۈنلەردە نەغمە قىلىش ھارام" دەپ قارىلىپ، ئۇيغۇر تويلىرى ئافغانىستاننىڭ تالىبانلار دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ناخشا - سازسىز، ئۈن-تىنسىز ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ .

ئىسلامى نۇقتىدىن ئېيتساقمۇ، ياراتقۇچى ئاللاھ بىز بەندىلەرنى ئاق، قارا، سېرىق، قوڭۇر قىلىپ تۈرلۈك رەڭ ۋە تىللار بىلەن ياراتتى. جانابى ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر-بىرلىرىدىن پەرقلىق يارىتىلغان بەندىلەرگە ئاللاھ يەنە ئۆزلىرى ياشايدىغان تەۋە زېمىن ۋە مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ ئەقىل ۋە تەبىي ئىمكانلىرىنى بەردى. شۇڭا بىز ھەممىمىز ئاللانىڭ سۆزى بولغان “يارىتىشنى مەن ياراتتىم، قانداق يارىلىش بەندىنىڭ ئۆزىدىن” دىگە سۆزىنى ياخشى بىلىمىز. دىمەك ئاللاھ ياراتقان بەدىللەرنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان زېمىن، تىل، مەدەنىيەت ئورتاقلىقى ئاساسىدا مىللەت بولۇپ ئويۇشۇپ ياششى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئاساسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامىي قىممەتكە زىت بولمىغان، شۇ مىللەت ۋە قوۋمنىڭ نورمال ئۆز مەدەنىيەت- سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى، ناخشا ئېيتىشى، مۇزىكا چېلىشىمۇ مۇخالىپ بىر ئىش ئەمەستۇر .

ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدا بىز ساندىن كۆپرەك سۈپەتكە، سۈپەت ئارقىلىق نەتىجىگە دىققىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈشىمىز، خەلقىمىزنىڭ روھىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك. توغرا، بۇ تەرىپىنى بىز ئېتىراپ قىلالماي تۇرالمايمىزكى، بىزدە سەنئەتچىلەر ناھايىتى كۆپ ئەمما

ئۇلاردىن قانچىسى ھەقىقىي سەنئەتكار بولالىغان؟ ئۇلار ئارىسىدىن قانچىسى ئۆز سەنئەت كەسپىدە نەتىجە قازىنىپ خەلقىنىڭ تۆرىدە ئورۇن ئالالىغان؟ بىزدە سەنئەت كەسپىدە نەتىجە قازانغان ئابدۇللا ئابدۇرېھىمدەك، سەنۇبەر تۇرسۇندەك، ئابدۇرەھىم ھېيتتەك، ئەسقەر كۆكبۆرە ياكى ئەركىنلەردە خەلق ياقتۇرىدىغان سەنئەتكارلىرىمىزدىن يەنە قانچىسى بار؟ سانى ساناقلىقلا، ناھايىتى ئاز. قىسقىسى ئۇيغۇر سەنئىتىدە بىزگە سان ئەمەس، سۈپەت، نەتىجە كېرەك .

كەلگۈسىدە بىز ئۇيغۇرلاردىنمۇ مايكېل جاكسون، مادونا ياكى خانىش گاگا دەك دۇنياۋى چولپانلار چىقارمۇ؟ ياكى بولمىسا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنياغا تونۇلغان قوشنىمىز ئۆزبېكىستاننىڭ سەۋارا نازىرخان، شېرئەلى جورايېۋ، يۇلدۇز ئوسمانوۋا دەك چولپانلىرى چىقارمۇ؟

دەرۋەقە بىز ئۇيغۇرلار سەنئەتخۇمار، خۇش چاقچاق، تەبىئىتىمىز ئوچۇق، ئاقكۆڭۈل خەلق. "قاغا ئۆز بالىسىنى ئاق دەيدۇ" كى ھەرگىز قارا دېمەيدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلار ئۆز سەنئىتىمىزدىن ھەر ۋاقىت پەخىرلىنىشىمىز كېرەككى، ئۇنىڭدىن چاناماسلىقىمىز، ئۇنىڭ توغرا يۆلىنىشتە دۇنياۋىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىزدىنىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ پۈتىنغا ئۆزىمىز پالتا چېپىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. بىز ئاۋۋال ئۆزىمىزنى مەدەنىيەت، سەنئەت، تىل ۋە دىلداش قوشنىلىرىمىزغا، ئاندىن دۇنياۋى سەنئەت ساھەسىگە سېلىشتۇرساق بىز ئۆزۈمىزنىڭ قانچىلىك ئارقىدا ئىكەنلىكىمىزنى بايقايمىز. ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تەبىئىي جەلپ قىلىش كۈچى، چەكلىمىسىز ئەركىن ئىجادىيەت يارىتىش ۋە ئورۇنلاش ئىقتىدارلىرى ئاجىز. ئۇيغۇر سەنئىتى بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇقام، ناخشا-مۇزىكىسى ئەنئەنىۋىلىكىنى ساقلىغان ئاساستا تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا موھتاجدۇر .




ئۇيغۇر سەنئىتى ئون نەچچە يىللاردىن بۇيان باشقا مىللەت سەنئەتلىرى بىلەن رىقابەتلىشىش ئىمكانىدىن مەھرۇم بولۇش، يېڭىلىق يارىتىشتىن چېكىنىش ياكى ئۆز ئىزىدا توختاپ قېلىشتەك بۇرۇقتۇرما ھالەتلەر سەۋەبلىك خەلقىمىزنىڭ ناخشا-مۇزىكا ئىستېمالىدا ھە دېسىلا ئۆزبېك، خەن، ھىندى، تۈرك، ئەرەب، ياۋروپالىقلارنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى ۋە مەنبەلىرىدىن كۆچۈرمىكەشلىك قىلىدىغان ئەھۋاللار ئەۋج ئېلىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك شالغۇت ئۇيغۇر ناخشا -مۇزىكا سەنئىتىمۇ پەيدا بولغىلى خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى. مۇنداق بولۇشى تەبىئىيكى ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا سەنئىتىنىڭ خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقىدىن بولغان دەپ قارىساق خاتالاشمايمىز. سەنئەتكارلىرىمىز بۇندىن كېيىن ئىمكان بار خەلقئارا سەھنىلەرگە چىقىش پۇرسەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ئۇيغۇر

سەنئىتىنىڭ ئۆز ئەنئەنىسىنى ساقلىغان ھالدا دەۋرگە ماسلىشىپ تەرەققىي كۈچىنى ئاشۇرشىمىز زۆرۈر. ئۇيغۇرلار ناخشا-مۇزىكا سەنئىتىدە دائىم ئىمپورت قىلغۇچىلىقتەك پاسسىپ ئىستىمالچىلىق ئورنىدىن چىقارغۇچى- ئاكتىپ ئېكسپورت قىلغۇچىلىق ئورۇنغا ئۆتۈشى كېرەك. ئەگەر شۇنداق بىر مۇۋەپپەقىيەت سەنئىتىمىزدە شەكىللەنسە ئۇيغۇرلار ھېچ بولمىسا دەسلەپكى قەدەمدە بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ يۇمشاق كۈچى بارلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مەدەنىي دۇنياغا بىلدۈرەلىگەن بولىدۇ .

ئۇچۇر دەۋرىدە، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ بىر گەۋدىلىششى تېزلىمەكتە، شۇڭا ئۇيغۇرلار ئىمكان بار دۇنيا بىلەن بىرگە گەۋدىلىششكە يۈزلىنىش پۇرستىنى مەھكەم تۇتىشى، ئەڭ ئاددىيسى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى جاھانغا بىلدۈرۈپ تۇرۇشى ھەر تەرەپلەردىن زۆرۈرىيەتتۇر. ئەلۋەتتە سەنۇبەر تۇرسۇندەك تېخىمۇ كۆپ تونۇلغان تالانتلىق ناخشىچىلىرىمىزنىڭ خەلقئارالىق سەھنىلەرگە چىقىپ ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا سەنئىتىنى ئورۇنلىشىدا، ئۇيغۇرلارنى دۇنيا ئەھلىگە تونۇشتۇرۇشىدا، دۇنيا جامائىتىنىڭ دىققىتىنى ئۇيغۇرلارغا مەركەزلەشتۈرۈشتە سەنئەتنى ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇر سەنئىتى جۈملىدىن ناخشا-مۇزىكىسى دۇنيا سەھنىسگە چىقسا خەلقىمىزگە مەنىۋى شۆھرەت، ئىشەنچ، ئىززەت، ئۆزلۈك ۋە مەۋجۇتلۇق تۇيغۇسى ئېلىپ كەلسە كېلىدۇكى، ھەرگىز زىيان ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك دۇنيا ئەھلىنىڭ ئۆزنى توغرا چۈشىنىشىگە موھتاج .

مەن يېقىندا يەنە سەنۇبەر تۇرسۇن يېتەكچىلىكىدە بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرىنىڭ بۇ يىل 15- ئاۋغۇست بۈيۈك بىرىتانىيە شوتلاندىيە كېنەزىنىڭ پايتەختى ئېدىنبورۇغدا "ئېدىنبورۇغ 2014- يىللىق مۇزىكا فېستىۋالى" (Edinburgh International Festival 2014) غا قاتنىششقا رەسمىي تەكلىپ قىلىنغانلىغىنى ئاڭلاپ سۆيۈندۈم. ئاللاھ نېسىپ قىلسا بۇ فېستىۋالغا بارماقچىمەن .

زامانىمىزنىڭ ئېپتىخارلىق يۇرتى غۇلجا دىيارىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇلبۇل، خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك سەنئەتكارى سەنۇبەر تۇرسۇن، سىزگە دۇنيا سەھنىسى ئەمدى ئېچىلدى! كېلىڭ، دۇنيا سەھنىسى سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. ھازىرقى زاماننىڭ بۈيۈك قامۇسلارغا ئىسمى چۈشمىگەن ئۇيغۇرنى سىز بۇلبۇل كەبى خۇش ئاۋازىڭىز بىلەن، مۇڭلۇق دۇتارىڭىز بىلەن تونۇتتۇڭ! سىز ئەمدى راستىنلا قاناتلاندىڭىز. سىز ئۇيغۇرنىڭ قىتئەلەر ئارا قاناتلانغان بىردىن بىر كۈيچىسى سىز. سىز ئۇچۇڭ، قىتئەلەر ئارا ئۇچۇپ ئۇيغۇرنىڭ ھايات ناخشىسىنى جاھانغا ياڭرىتىڭ!

2014 ـ يىلى 25 ـ ئىيۇن، لوندون

(تۈگىدى)

**ماقالىنىڭ توردىكى مۇقىم PDF ئۇلىنىشى:**

**www.uyghurensemble.co.uk/Qanatlanghan_kuy.pdf**

## ماقالىنىڭ توردا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشلاردىن ئوقۇيالايسىز:

### لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىل تورىبېكىتى:

قىسىم -1
http://uyghurensemble.co.uk/uy/?p=1644

قىسىم -2
http://uyghurensemble.co.uk/uy/?p=3003

قىسىم -3
http://uyghurensemble.co.uk/uy/?p=3030

### باغداش تورىبېكىتى:

قىسىم -1
http://bbs.bagdax.cn/thread-20139-1-1.html

قىسىم -2
http://bbs.bagdax.cn/thread-25657-1-1.html

قىسىم -3
http://bbs.bagdax.cn/thread-25677-1-1.html